1990



# شىنجاڭ ئاياللىرى

新疆妇女

1




تيانشان كىنو ئىستودىيىسىنىڭ ئايال رېژىسسورى گۇاڭ چۈنلەن، شىنجاڭنىڭ كىنو ساھەسىدە جاپالىق كۈرەش قىلىۋاتقىلى ئون يىل بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ «بەخت ناخشىسى»، «رەنانىڭ تويى»، «ئارتىس بولمايدىغان قىز»، «سىرلىق كارۋان»، «يېتىم قىزنىڭ مۇھەببىتى»، «ساھىبجامالنىڭ ئۆلۈمى»، «مەھەممەت ھەققىدە پاراڭ»، «جەنۇبىي دىياردىكى ئۇسسۇل مەستانىسى» قاتارلىق فىلىملەرنى ئىشلەپ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. «ئارتىس بولمايدىغان قىز» خەلقئارا ئىستانبۇل مۇنەۋۋەر فىلىم مۇكاپاتىغا، «مەھەممەت ھەققىدە پاراڭ» 1987-يىلى ئالتۇن خوراز مۇكاپاتىنىڭ ئالاھىدە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يېقىندا، «مەھەممەت ھەققىدە پاراڭ» ۋە «غەربىي دىياردىكى ئۇسسۇل مەستانىسى» ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئامېرىكا ۋە تۇنىستا ئۆتكۈزۈلگەن كىنو بايرىمى پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلدى.

نۆۋەتتە، گۇاڭ چۈنلەن ئۆزىنىڭ يەنە بىر ئەسىرى «جۇش ئۇرۇۋاتقان غەربىي دىيار» نى ئىشلەپ تۈگەتتى.







# ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشىغا ئەھمىيەت بېرىلىشى لازىم

ھەلىمە ئابدۇللا

(ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى كېلەر يىلى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ ئىش. ئۇ تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئالتە مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاياللىرى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئازادلىقتىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا نۇرغۇن ئايال كادىرلار ئەرلەر بىلەن ئوخشاشلا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋاتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىدىمۇ ئەر-ئاياللار ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش ھوقۇقىدىن ئوخشاش بەھرىمەن بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش يالغۇز ئاياللارنىڭ ئۆز قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھوقۇقىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە دۆلەت ئىشلىرىنى ئادا قىلىش بۇرچى، ئاياللارنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى. ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشى يالغۇز ئاياللارنىڭلا مەنپەئىتى ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى پرولېتارىيات ئازادلىق ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى. شۇنداقلا پارتىيە 13-قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سىياسىي تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەم يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى.

ئاياللارنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا سىياسەت بەلگىلەش، باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشى ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشىدىكى تۈپ مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، ئۇلار ھەر دەرىجىلىك سىياسەت بەلگىلەيدىغان ئورگانلاردا ئاياللارنىڭ مەنپەئىتىنى ۋە تەلىپىنى ئىنكاس قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش ئاڭ-سەۋىيىسىنى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ. بۇ، ئىختىساسلىق ئاياللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈنمۇ، رەھبىرىي ئورگانلارنى كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە قىلىش ۋە ئۇنى ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلايدىغان قىلىش ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.

ئۆتكەن نۆۋەتتىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئايال ۋەكىللىرى 118 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەر سانىنىڭ 21.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى 62 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ئەزالار سانىنىڭ 15.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەسلىدىكى بەلگىلەنگەن نىسبەتكە يەتمەيدۇ. ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئايال ۋەكىللەر نىسبىتىمۇ تۆۋەن بولدى. بۇ

# مۇندەرىجە


ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشىغا ئەھمىيەت بېرىلىشى لازىم ........ 1

كىشىلىك ھايات غايىسىنى تىكلەش توغرىسىدا...... 5

* ۋەتەن قوينىدا *

سۇڭ چىڭلىڭ ۋە باللار........ 3

«ئۆلۈم رايونى» غا بارغان تۇنجى ئايال ........ 11

* ئىلغارلار سېپىدىن *

رازىيەدىن ئامما رازى........ 12

* باللار تەربىيىسى *

بالىڭىز تاكاللاشقاندا........ 15

* يېڭىدىن گۈللەنگەن پەنلەر *

ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە قۇرۇلۇشى........ 19

* دۇنيا ئاياللىرىغا بىر نەزەر *

دانىيىنىڭ ئىقتىدارلىق ئايال پادىشاھى........ 22

* باھار چېچەكلىرى *

ئاچقىنا (شېئىر)........ 24

كۆرسەتمىگىن مەيلى ساداقەت (شېئىر)........ 24

تەنھا يىگىت (شېئىر)........ 24

سۆيگۈ (شېئىر)........ 25

* ئەدەبىيات گۈلزارى *

پۇشايمان........ 26

* چەت ئەل ئەدەبىياتى *

گۈلدىكى مۇھەببەت........ 32





1990 - يىل

1 - سان

(ئايلىق ژۇرنال)

ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى
نەشردىن چىقىدۇ

باش مۇھەررىر
پاتىمە جاكۇلىغا

مەسئۇل مۇھەررىر
ھەلىمە ئىسمايىل

ۋەكالەت نومۇرى
(58 — 8)

قەرەللىك ژۇرناللار
تىزىملىكى نومۇرى
GN65 — 1053/Z

رەسسام ۋە خەتتات
مەھەممەت ئايۇپ
(تەكلىپ قىلىنغان)

# مۇشتىرى بولۇشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز


* قانۇندىن ساۋات *

بۇ خىل ئەھۋالدا دەۋا شەكىللىنەمدۇ ............ 34

* مەسلىھەت تەرمىلىرى *

سىزگە خۇشاللىق تىلەيمەن ........................ 35

* قېيىن ئانا ۋە كېلىن *

قېيىن ئانىنىڭ كۆز قارىشى توغرىسىدا.............. 39

* ئۆرپ - ئادەتلەر *

زانزىبارلىقلارنىڭ توي ئادىتى ........................ 41

* سالامەت بولۇڭ *

ئاق خۇننىڭ كۆپ كېلىشى كېسەللىكمۇ ............ 44

* جىنسىيەت ھەققىدە ساۋات *

جىنسىي ئۆزگىرىپ قېلىش ھەققىدە................ 45

* بىلىۋېلىڭ *

چۈش ۋە كېسەللىك .............................. 46

ئىلمىي ئۇسۇلدا ئۇزۇقلىنىشقا دىققەت قىلىڭ..... 47

ھاراقتىن كېيىن قېنىق دەملەنگەن چاي

ئىچمەسلىك كېرەك.................................. 47

* تۇرمۇشىڭىزغا مەسلىھەت *

قانداق كىشىلەر بادان يېسە بولمايدۇ.......... 48

سۇ چۈشۈش يولىنى راۋانلاشتۇرۇشنىڭ ئاددىي

ئۇسۇلى ............................................ 48



مۇقاۋىدا

ۋاڭ گۇاڭ مىي ماھىنۇر
قاسىم بىلەن بىللە
شىياڭ ياڭخې فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ كەينىدە
شارسىمان كاكتۇس گۈلى
ياڭ جىچىڭ فوتوسى

«شىنجاڭ ئاياللىرى»
تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

«شىنجاڭ ئاياللىرى»
رېداكسىيىسى نەشر قىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا
ئىدارىسى تارقىتىدۇ

تىراژى: 60.000
باھاسى: 45 پۇڭ

شىنجاڭ شىنخۇا باسما
زاۋۇتىدا بېسىلدى



ئادرېس
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە
كوچىسى 42 - نومۇر
پوچتا نومۇرى
830002

بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئايال ۋەكىللىرى، ئايال رەھبىرىي كادىرلار — ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشىدىكى ئاساس بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەكىللەر ئىچىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، سىياسىي قۇرۇلۇش ۋە ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتىنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئايال كادىرلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يولىنى كېڭەيتىش، ئايال كادىرلارنىڭ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىر خىل ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يالغۇز ئاياللار بىرلەشمىلىرىنىڭ، ئايال كادىرلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنىڭغا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، قىسقىسى پۈتۈن جەمئىيەت ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشى ئۈچۈن ئۇلارنى چۈشىنىدىغان، ئۇلارغا ئىشىنىدىغان ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغان ياخشى ئىجتىمائىي شارائىت يارىتىپ بېرىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، بۇ ئورۇنلارنىڭ ئاياللارنىڭ سايلامغا، ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشىغا ئېتىبار بېرىشىنى، ھەم قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى مەسلىھەتچى بولۇپ، قۇرۇلتايدا، ئايال ۋەكىللەر نامزاتى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى نامزاتلىرىنى كۆرسىتىش خىزمىتىنى ئاكتىپ ئىشلىشى لازىم. شۇنداقلا، زامانىۋى تەشۋىقات قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەر تەرەپلىمە ۋە كۆپ قاتلاملىق تەشۋىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاياللارنىڭ رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ھېچقانداق كۈچنىڭ ئۇنى باسالمايدىغانلىقىنى ئوبدان تەشۋىق قىلىشى، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئاياللارغا قارىتا توغرا كۆز قاراش تىكلىشى ھەمدە ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشى لازىم. جۈملىدىن ئايال ۋەكىللەرنىڭ، ئايال رەھبىرىي كادىرلارنىڭ، مۇنەۋۋەر ئاياللارنىڭ ئىسلاھات جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

ھەر مىللەت مۇنەۋۋەر ئاياللار ۋە ئايال كادىرلار ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى كۈچەيتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەڭگىۋار روھ ۋە ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. جەمئىيەت ھەر جەھەتتىن بىزنى يۆلىشى ۋە قوللىشى، شۇنىڭدەك ئۆزىمىزمۇ ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم.

جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپ ۋە ھەرقايسى ئورگان رەھبەرلىكى ئايال كادىرلارنى تەربىيىلەش، ئۆستۈرۈش ۋە يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ئايال كادىرلار ئۆسۈپ يېتىلىدىغان ياخشى ئاتموسفېرانى بولغايدىغان، ئايال كادىرلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان، يوق يەردىن ئەيىب تېپىپ ئىختىساسلىق ئاياللارنىڭ كۆمۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان ناچار كەيپىياتلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز، رەھبەرلىك ساپاسىنى ھازىرلىغان ئىختىساسلىق ئاياللارنى رەھبەرلىك ئورۇنغا دادىل ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپلەپ تۆھپە قوشۇشىغا كەڭ يول ئېچىپ بېرىشىمىز لازىم.

# كىشىلىك ھاياتى غايىسىنى تىكلەش توغرىسىدا

ئەگەر ئۆز-ئۆزىنى توغرا تونۇش ياشلارنىڭ يېتىلىش مەزگىلىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دېيىلىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەش ۋە كۈچەيتىش ياشلارنىڭ كىشىلىك ھاياتىغا قەدەم قويغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولىدۇ. ئۆزىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن ئادەم ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھاياتىغا مۇۋاپىق ئورۇن تېپىشى شۇنداقلا كىشىلىك ھايات نىشانىسىنى تىكلىشى لازىم؛ ۋاھالەنكى، پەقەت ئۆزىنىڭ غايە نىشانىسىنى بەلگىلىگەن ئادەم، ئاندىن قىممىتى بولغان كىشىلىك ھاياتقا ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا، ياش دوستلار ئوستروۋىسكىنىڭ؛ «مەقسەت بولمىغاندا، ئادەم تۈگىشىدۇ، مەقسەتمۇ تۈگىشىدۇ» دېگەن بىر جۈملە سۆزىنى ئەستە ساقلىشى ۋە چۈشىنىشى كېرەك.

ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەش ۋە كۈچەيتىش كىشىلىك ھاياتنىڭ غايە ۋە ئىنتىلىش نىشانىسىنى تىكلەش بولۇپ، ئۇ ئادەم ئۆمرىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنى بەلگىلەيدۇ.

ياشلىق دەۋر كىشىلىك ھايات يېتىلىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ئۆز ئىرادىسىگە تايىنىش ۋە ئۆز كۆزقارىشىدا چىڭ تۇرۇش، غايە ۋە ئىجادچانلىق قاتارلىقلار يېتىلگەن ھەربىر ياشنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا غايە تۈپ ئاساسىي بۇلاقتۇر، ئۇ ھەربىر ياشنىڭ ھاياتلىق قىممىتىنىڭ «سىناب تۈۋرۈكى» بولۇپ، ئۇ، شۇ ياشنىڭ كىشىلىك ھاياتىنىڭ خاس مەزمۇنىنى ۋە كىشىلىك ھايات ئىستىقبالىنىڭ ئىمكانىيەت چېكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، كىشىلىك ھايات غايىسى ۋە قىممەت نىشانىسىنى تىكلەش ياشلارنىڭ كىشىلىك ھاياتى سەنئىتىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان «قېيىن ھەرىكەت» بولۇپ، ئۇ ياشلارنىڭ كىشىلىك ھايات تەرەققىياتى بىلەن زور مۇناسىۋەتلىك.

ئۇنداقتا، كىشىلىك ھايات غايىسى دېگەن نېمە؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ كىشىلەرنىڭ كەلگۈسى ھاياتىنىڭ لايىھىسى ۋە ئىنتىلىش نىشانىسىدۇر. غايە كۆپ قاتلاملىق قىممەت سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ شەخسىي غايە، ئىجتىمائىي غايە ۋە ئىنسانلار غايىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قاتلامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدا ئىنسانلار غايىسى ئەڭ ئالىيجاناب قىممەت نىشانىسى، كوممۇنىزم بولسا مۇشۇ غايىلەرنىڭ نامايەندىسى. شەخسىي غايە، ئىجتىمائىي غايە ۋە ئىنسان غايىسى ئۆزئارا باغلىنىپ، بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شەخسىي غايە يۈكسەك بولغانسېرى ئىجتىمائىي غايە ۋە ئىنسان غايىسى بىلەن شۇنچە يېقىنلىشىدۇ. ئۇنىڭ قىممىتىمۇ شۇنچە يۈكسەك بولىدۇ. شۇنىڭدەك غايىدىمۇ ئىلمىيلىك بولىدۇ. كىشىلىك ھايات غايىسى ھەرگىز شەخسنىڭ ئاساسسىز «تەلۋىلەرچە قۇرۇق خىيالى» ھەتتا خام خىيالى ئەمەس؛ شۇنداقلا بىردىنبىر سۇبيېكتىپ ھالدىكى «ئۆز-ئۆزىنى لايىھىلەش»مۇ ئەمەس. ئەكسىنچە، ئۇ كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن جەمئىيەت تارىخى شارائىتى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ھەمدە ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ شارائىتى (جۈملىدىن ئۆزىنى بىلىش سەۋىيىسى، ئىرادە ئىقتىدارى، ھېسسىي ئىنتىلىش

قاتارلىقلار)غا ئاساسەن شۇنىڭدەك بۇ ئىككىسىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش داۋامىدا ئىزدىنىدىغان ۋە بەلگىلىنىدىغان كىشىلىك ھايات قىممىتى سىستېمىسىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا، غايىدە ئالىيجانابلىق بولىدۇ. ئۇ ھەرگىز رېئاللىقنىڭ قارا قەغەز بىلەن كۆپەيتىپ بېسىلغانلىقى بولمايدۇ. ئۇ رېئاللىقنى ئاساس قىلىدۇ ھەم رېئاللىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. كىشىلىك ھايات غايىسى رېئال تۇرمۇشنىڭ يۈكسىلىشىدۇر. پەقەت مۇشۇنداق يۈكسىلىش بولغاندىلا، ئاندىن ھاياتتا يۇقىرى ئۆرلەيدىغان كۈچ ۋە توختىماي ئالغا ئىنتىلىدىغان قەھرىمانلىق، گۈزەللىك تۇيغۇسى بارلىققا كېلىدۇ. كىشىلىك ھايات كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك نۇر تارقاتسۇن ۋە كىشى قەلبىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتسۇن دېسەك، ئۆزىمىزنىڭ كىشىلىك ھايات نىشانىسىنى ئاڭلىق ۋە تىرىشچانلىق بىلەن تىكلىشىمىز لازىم. بۇنداق تىكلەش جەريانى بىز ياشلارنىڭ كىشىلىك ھايات سەنئىتىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە تەنتەنىلىك سىمفونىيە شۇنداقلا جاپالىق ۋە ناھايىتى گۈزەل جەرياندۇر.

ئىلمىي كىشىلىك ھايات پەلسەپىسى بىزگە سەممىيەت بىلەن شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، كىشىلىك ھايات غايىسىنى توغرا تىكلەشتە مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى مەسىلىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

بىرى، غايىنىڭ ئىجتىمائىي مېخانىزمىنى تىكلەشنى بىلىش ۋە ئىگىلەش. پەقەت جەمئىيەتنى بىلگەندىلا ئاندىن ئۆزىنى بىلگىلى بولىدۇ. جەمئىيەت ئىنسانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىردىنبىر ئورۇن. ھەربىر ئادەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. جەمئىيەتنى تاشلاپ قويۇپ، دۆلدۈلغا مىنىپ يالغۇز پەرۋاز قىلغاندا ياكى ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ خىيالىي ئىش قىلغاندا، ئادەمنى تەلۋىلەرچە خىيالىي ئىرادىنىڭ قەبىھ دولقۇنى غەرق قىلىدۇ ياكى شەخسىي قىياسنىڭ ئېچىنىشلىق قۇربانى بولىدۇ. ئەكسىچە، جەمئىيەتنى توغرا بىلىپ، تارىخنىڭ بىز ھەربىر كىشىگە ئاتا قىلغان ياخشى پەيت ۋە شارائىتىنى ئىگىلەپ ئالغاندىلا، كىشىلىك ھايات سىمفونىيەسىنى جاراڭلىق ئورۇندىغىلى بولىدۇ.

يەنە بىرى، كىشىلىك ھايات غايىسىنى تىكلەشنىڭ سۇبيېكتىپ مېخانىزمىنى ئىگىلەش. شەخسىي قابىلىيەت كىشىلىك ھايات غايىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى. كىشىدە تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەيدىغان ئىجادچانلىق روھى يېتەرسىز بولىدىكەن، ئىجتىمائىي شارائىت قانچىلىك ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ كىشىلىك ھايات غايىسى مېۋىسىز بولۇپ قالىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەنىدى: «سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ بەرپا قىلىنىشى بىز ئۈچۈن بىر غايىۋى مەنزىلگە بارىدىغان يول ئېچىپ بەردى، لېكىن غايىۋى مەنزىلنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى يەنىلا بىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكىمىزگە تايىنىدۇ.» بۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇكى، ياخشى ئىجتىمائىي شارائىت پەقەت كىشىلىك ھايات غايىسىنىڭ تىكلىنىشى ۋە ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئىمكان بولغان شارائىتنىلا يارىتىپ بېرىدۇ. لېكىن ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش يەنىلا بىزنىڭ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىزغا تايىنىدۇ. رېئال تۇرمۇش داۋامىدا، نۇرغۇن ياشلار كىشىلىك ھايات غايىسىنى تىكلەشتە گاڭگىراپ قالغانلىقنى ھېس قىلىدۇ. ئۇلار ئويلىغاننى ۋۇجۇدقا چىقارغان، كۆڭۈلگە لايىق نەتىجە ياراتقان ۋىجدان ئىگىلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ ۋە قىزىقىدۇ. شۇنداقلا ئۆز ھاياتىنىڭ نىشانىسى

-نى بەلگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىدۇ. لېكىن بىر مەزگىل ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆر-ستەلمەيدۇ. بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. توغرا، كىشىلىك ھاياتنىڭ داغدام يولىغا مۇستەقىل قەدەم قويغان ياشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھايات يولىنى ۋە ئىنتىلىش نىشانىنى تاللاش ۋە تىكلەشنى ئورۇنداش ئاسانغا توختىمايدۇ. بۇنىڭدا سەللا دىققەت-سىزلىك قىلىنسا، يېنىك بولغاندا ئۆزىگە بەزى كۈتۈلمىگەن ئازابلارنى كەلتۈرىدۇ. ئېغىر بولغاندا يولدىن ئېزىپ نەپرەتكە قېلىشتەك پاجىئەگە يولۇقىدۇ. بىز كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن شۇنى كۆرىمىزكى، كىشىلىك ھايات يولىغا مۇستەقىل قەدەم قويغان ياشلار ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھايات قىممىتىنىڭ نىشانىنى توغرا تىكلەشتە مۇنداق بىرنەچچە نۇق-تىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

بىرىنچى، ئۆزىگە توغرا باھا بېرىش، ئۆزىنى بەك تۆۋەن چاغلىماسلىق، شۇنداقلا بەك يۇقىرىغا ئېسىلىۋالماسلىق.

ئىككىنچى، جەمئىيەتنى توغرا تونۇپ ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، تۇرمۇش-نىڭ ياخشى پەيتى ۋە شارائىتىنى ئوبدان ئىگىلەش.

ئۈچىنچى، مۇۋاپىق قىممەت سىستېمىسىنى ياخشى تاللاش، بۇنىڭدا رېئاللىققا يۈز-لەنگەن ھالدا كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەڭ يېقىن نىشان بىلەن يىراق نىشاننى بىر-لەشتۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچى، كىشىلىك ھايات غايىسىنى تىكلەشتە باتۇرلارچە ئېلىشىش روھى ۋە قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان ئىرادە بولۇشى كېرەك. پەقەت جاپا-مۇشەققەت، خەۋپ-خەتەردىن قورقماي، تىرىشىپ چوققىغا ئۆرلىگەن كىشىلا، ئاندىن يۇقىرى پەللىگە چىقالايدۇ.

ھازىر ئېلىمىزدە ئىقتىسادىي ئىسلاھات دولقۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. ئىسلاھات جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىدۇ، شۇنداقلا ئادەملەرنىمۇ ئىسلاھ قىلىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، غايىلىك، ئالغا ئىنتىلىشكە جۈرئەتلىك ۋە زامانىۋىلاشقان پەن-تېخنىكا ۋە يېڭى كۆزقاراشنى ھازىرلىغان مىليونلىغان كىشىلەر ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. شۇڭا بارلىق غايىلىك ۋە دەۋرىمىزنى قىزغىن سۆيىدىغان ياشلار ئۆز تەقدىرىمىزنى ۋە دەۋرنىڭ تەلىپىنى چىڭ ئىگىلەپ، ئۇلۇغ دەۋردە ئۆزىمىزگە تەئەللۇق ئورۇننى تېپىپ گۈزەل كىشىلىك ھاياتىمىزنى يارىتايلى!

ئەخمەتجان بائىزى تەرجىمىسى

---

(بېشى 11 - بەتتە)

پەيتىدىمۇ، قىلچە ھودۇقماي مۇز جوتۇسى بىلەن مۇزنى بىر پارچە-بىر پارچىدىن چوقۇپ دەسسەيدىغان تۆشۈك ئېچىپ، مىڭ تەسلىكتە ئۈستىگە چىقتى. ئۇ مۇز يېرىقىدىن چىقىپ خەتەرلىكتىن قۇتۇلۇپ، ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، بېلىگە قىستۇرۇۋالغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل باي-راقنى ئېلىپ، رۇدا قاتلىمىغا مۇستەھكەم قادىغاندىن كېيىن، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «ئاھ ۋەتەن! سەن ئۆز قىزىڭدىن پەخىرلەن!» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى.

ئۇ دۇنيا بويىچە جەنۇبىي قۇتۇپنى تەكشۈرگۈچى تۇنجى ئايال بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ۋىنسىن چوققىسىنىڭ «ئۆلۈم رايونى»دىن غەلىبە بىلەن قايتتى.

راخجانخان رۇسۇل تەرجىمىسى

# سۇڭ چىڭلىڭ ۋە بالىلار



يولداش سۇڭ چىڭلىڭ ۋەتەنىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ — جۇڭگو بالىلىرىنىڭ مېھرىبان ئانىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يېرىم ئەسىردىن بۇيان، بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرى ۋە بالىلارنىڭ مەدەنىي مائارىپ خىزمىتى ئۈچۈن بوشاشماي زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇلۇغ تۆھپە قوشقان.

سۇڭ چىڭلىڭ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بالىلىرىمىزنىڭ كېلەچىكىمىز ۋە ئۈمىدىمىز، دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى». بالىلار تەربىيىسى خىزمىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بالىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋەتەنىنىڭ ئىستىقبالى ۋە ئىنقىلابنىڭ كېلەچىكىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش». ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلىغان: بالىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى پۈتكۈل جەمئىيەتكە بېرىپ تاقىلىدۇ. ھەممە كىشىنىڭ بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش مەسئۇلىيىتى بار. بالىلىرىمىزنى قەتئىي ئىنقىلابىي مەيدانغا ئىگە، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، بوران-چاپقۇنلارنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرەلەيدىغان قەھرىمانلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. بۇ، سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش-قالالماسلىقتا، ئىنقىلابىمىزنىڭ مۇندىن كېيىنكى بىرنەچچە ئەۋلاد قولىدا رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش - كەتمەسلىكىگە، كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىش - ئېرىشەلمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش.

1938 - يىلى، سۇڭ چىڭلىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى دۈشمەن ئارقا سېپىدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئارمىيىگە ياردەم بېرىشنى مۇھىم خىزمەت قىلغان. ئۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مەشھۇر ئەربابلارنى تەكلىپ قىلىپ، شۇ يىلى 6 - ئايدا شياڭگاڭدا «جۇڭگونى قوغداش ئىتتىپاقى»نى قۇرۇپ، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دورا، داۋالاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە بالىلار پاراۋانلىقى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، سۇڭ چىڭلىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت ۋە مۇھىتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن «جۇڭگونى قوغداش ئىتتىپاقى» نى «جۇڭگو پاراۋانلىق فوندى جەمئىيىتى» گە ئۆزگەرت-

كەن. «فوندى جەمئىيىتى» بىر تەرەپتىن ئازاد رايونلارغا (باللار يەسلىسى، باللار باغچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كىرەكلىك قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە ماددىي نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن شاڭخەيىنى بازا قىلىپ ئەمگەكچى خەلق ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن باللار پاراۋانلىقى ۋە تەلىم-تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. مەسىلەن، ئانا-باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئىشخانىسى، ئۇرۇش ئاپىتىگە ئۇچرىغان باللار، يېتىم باللار، ماكانسىز قالغان باللار ئۈچۈن ساۋات چىقىرىش سىنىپى ۋە پاراۋانلىق ئورگانلىرىنى قۇرغان ھەمدە باللار تىياتىر ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرغان.

سۇڭ چىڭلىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇ خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار ئارىسىدا سادىق ئىنقىلابچىلار، يەر ئاستى پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى بار ئىدى. ئۇلار كېچىككىدىن تارتىپ قىيىنچىلىق ۋە خەتەرلىك شارائىتتا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، سۇڭ چىڭلىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە باللارنى قوغداش مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان. ئۇ، 1938-يىلدىن بۇيانقى باللار خىزمىتىنى يەكۈنلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھۆكۈمەتنىڭ ئاياللار-باللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشقا دائىر سىياسەت، ئەمىر-پەرمانلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، باللار پاراۋانلىقى ئىشلىرىنى ئورتاق قانات يايدۇرۇپ، يېڭى ئەۋلادلارنى ساغلام ئۆستۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. دۆلەتنىڭ روناق تېپىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ھەمدە كۆپچىلىكنى ھەرقايسى ئەللەردىكى باللارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئاسرايدىغان تىنچلىقپەرۋەر ئەربابلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، تاجاۋۇزچىلىققا ئورتاق قارشى تۇرۇپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشقا ئىلھاملاندۇرغان. ئۇ جۇ ئېنلەي زۇڭلى بىلەن بىللە خىزمىتى شۇنچە ئالدىراش بولۇۋاتقان ئەھۋاللاردىمۇ يەنىلا يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى باللار خىزمىتىنىڭ فاڭجېن ۋەزىپىلىرىنى مۇزاكىرە قىلغان. پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئاياللار، باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، تازىلىق، باللار مەدەنىي مائارىپى جەھەتتىكى تەجرىبە خاراكتېرلىك، ئۈلگە كۆرستىش خاراكتېرلىك خىزمەتلەرنى ۋە ئىچكى-تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. 1950-يىلى 8-ئايدا ئۇ «جۇڭگو پاراۋانلىق فوندى جەمئىيىتى»نى «جۇڭگو پاراۋانلىق جەمئىيىتى»گە ئۆزگەرتىپ، باللار مائارىپى، ساقلىقىنى ساقلاش ۋە باشقا باللار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتلەرنى تېخىمۇ پائال ئىشلىگەن. ئۇ، ئۆزى ئېرىشكەن ستالىن خەلقئارا تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ ھەممىسىنى باللارنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىئانە قىلغان. شاڭخەيدە خەلقئارا تىنچلىق ئاياللار-باللار ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسى، جۇڭگو پاراۋانلىق جەمئىيىتى، باللار يەسلىسى، ئۆسمۈرلەر سارىيى، ئۆسمۈر-باللار نەشرىياتى قۇرغان. ئۆسمۈر-باللار نەشرىياتىنىڭ «باللار دەۋرى» ژۇرنىلى ۋە باشقا باللار ئوقۇشلۇقى سانسىزلىغان باللارنى تەربىيىگە ئىگە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى باللار پاراۋانلىق ئىش

لىرىغا بېغىشلىغان زور بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

يولداش سۇڭ چىڭلىڭ بالىلار تەربىيىسى ئەمەلىيىتىدە، بالىلار ياخشى كۆرىدىغان مەزمۇن، شەكىل ئارقىلىق بالىلارنى تەربىيىلەشنى تەكىتلەپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۇ ئۇن يىللىق مالىمانچىلىقنىڭ تەسىرى بىلەن بالىلار تىياتىر ئۆمىكى چوڭلارنىڭ تىياتىرىنى ئوينىغان ۋە مۇھىم ئەرتىسلەرنى باشقا جايغا يۆتكىۋەتكەن ئاھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، بالىلار تىياتىر ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلىغا خەت يېزىپ، «مېنىڭ بالىلار تىياتىرىنى قۇرۇشتىكى مەقسىتىم، بالىلار تىياتىرىنى ئويناپ چىقىش، بالىلارنىڭ تىپىك ئوبرازى ئارقىلىق بالىلارنى تەربىيىلەش ئىدى» دېگەن. 1977-يىلى 3-ئايدا بېيجىڭدا «بالا قەلبى» دېگەن دراما قويۇلغاندا، ئۇ ياشىنىپ قالغانلىقىغا ۋە تېنىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي ئويۇن زالىغا كېلىپ بالىلار بىلەن بىرلىكتە كۆرگەن. ھەر يىلى بالىلار بايرىمى مەزگىلىدە سۇڭ چىڭلىڭ بالىلارنى بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلىگەن.

1979-يىلى 7-ئاينىڭ 14-كۈنى ئۇ ئۆزى قول سېلىپ قۇرغان تەجرىبە خاراكتېرلىك بالىلار باغچىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا 30 يىل توشقان پەيتتە، ئۇ بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، باشقىلار ئارقىلىق بالىلارغا بىرنەچچە ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق تەقدىم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساقلىقنى ساقلاش خادىملىرىغا خەت يېزىپ: «30 يىلدىن بۇيان نۇرغۇن بالىلار پارتىيىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە ئىشچان باغۋەنلەرنىڭ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا ھەرقايسى سەپلەردە ئىز باسارلاردىن بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى. سىلەر ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئەسلىگىنىڭلاردا ئۆزۈڭلەر يېتىشتۈرگەن كىشىلەرنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن چېغىڭلاردا چوقۇم خۇشال بولىسىلەر» دېگەن.

يولداش سۇڭ چىڭلىڭنىڭ ھاياتى، ئىنقىلابىي ھايات، جەڭگىۋار ھايات، شۇنداقلا ياش-ئۆسمۈر ۋە بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈپ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بەخت يارىتىپ بېرىش يولىدا ئۆتكەن ھايات. ئۇ، ۋەتەننىڭ گۈللەپ ياشنىشى، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن جان-دىلى بىلەن ئىشلەپ، بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن نامايەندە تىكلەپ بەردى. سۇڭ چىڭلىڭنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنىڭ توققۇز يىللىقى خاتىرىلىنىۋاتقان بىر پەيتتە، بىز چوقۇم ئۇنىڭ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، باشتىن-ئاياغ سەمىمىي ساداقەتلىك بىلەن يۇمران مايسىلارنى كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرگەن ئالىيجاناب روھىغا ۋارىسلىق قىلىمىز ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرىمىز. ئۇنىڭ تەلىمىنى تەكرار ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ بالىلار ئىشلىرىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسىنى ئەسلەيمىز. بىز يۈرەكلىك ھالدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، تەتقىق قىلىپ، بالىلار تەربىيىسى ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشايلى!

ئابدۇكېرىم سادىق تەرجىمىسى

# «ئۆلۈم رايونى»غا بارغان تۇنجى ئايال

1988-يىل 11-ئاينىڭ 25-كۈنى، جۇڭگو-ئامېرىكا بىرلىشىپ تەشكىل قىلغان جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ۋىنسىن چوققىسىغا چىقىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى چىلىدىن يولغا چىققان بولۇپ، ئۇ، تەكشۈرۈش ئەترىتى ئىچىدىكى بىردىنبىر ئايال ئىدى.

ۋىنسىن چوققىسى جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ قورسىقى بولۇپ، ھاۋا كېلىماتى ئۆزگىرىشچان، مۇھىتى ئىنتايىن يامان، خەتەرلىك بولغاچقا «ئۆلۈم رايونى» دەپ نام ئالغانىدى. ئامېرىكا تەرەپ ئايروپىلانغا چىقىشتىن بۇرۇن چوقۇم ئىمزا قويمىسا بولمايدىغان نوتا ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ تەكشۈرۈشتە خەتەرلىككە ئۇچرىسا ياكى بەختسىزلىككە ئۇچرىسا پەقەت مەسئۇل بولمايمىز، دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا نوتىغا «جىن چىڭمىن» دېگەن ئىسمىنى يازدى.

جىن چىڭمىن بۇ يىل 46 ياشتا بولۇپ، يەر ئاستى كان بايلىقى مىنىستىرلىكى تيەنجىن يەر ئاستى كان مېتاللىرىنى تەتقىق قىلىش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن تەتقىقاتچىسى ئىدى. ئۇ يەر ئاستى بايلىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە، 28 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزگەنىدى. جىن چىڭمىن 1986-يىلى جۇڭگونىڭ جەنۇبىي قۇتۇپنى 3-قېتىم تەكشۈرۈش ۋە مۇھىتنى تۇنجى قېتىم تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ئۇ چاڭچېڭ پونكىتىدا 77 كۈن خىزمەت قىلدى. جەنۇبىي قۇتۇپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۈزۈلدۈرمەي 20 كۈن تۈننى كۈنگە ئۇلاپ ئىشلەپ، ھەر كۈنى بىرقانچە سائەتتىنلا ئۇخلىدى.

چىلىدىن يولغا چىققان خەتەرلىكنى تەكشۈرۈش ئايروپىلانى 13 سائەت ئۇچقاندىن كېيىن جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ قورسىقىغا يېتىپ باردى. ھاۋا تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 40 گرادۇس، تېيىلغاق ھەممە ئېگىز-پەس قاتتىق مۇزدا، ئۇ ئېغىرلىقى تۆت كىلوگرام كېلىدىغان تاغقا چىقىش ئايىقىنى كىيىپ ماڭغاچقا، بىر كۈندىلا پۇتلىرى قاپىرىپ كەتتى.

جەنۇبىي قۇتۇپقا كىرىپ ئۈچىنچى كۈنى ئۇنىڭ ئۈچ سەپدىشى ۋىنسىن چوققىسىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆزى يالغۇز قار-مۇز دۇنياسىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ سايمانلارنى يۈدۈپ، قولىغا مۇزدا ماڭىدىغان ھاسا ۋە مۇز جوتۇسى ئېلىپ، مۇزلۇق ئۈستىدە ئىنتايىن تەسلىكتە مېڭىپ ھەر كۈنى ئۈزۈلدۈرمەي ئون نەچچە سائەت ئىشلىدى.

ئۇ سەپداشلىرىدىن ئايرىلىپ تۆتىنچى كۈنى دېڭىز يۈزىدىن 3200 مېتىر ئېگىزلىكتىكى خەتەرلىك چوققىغا چىقىپ، تۆمۈر رودىسى قاتلىمىنى بايقىدى. ئۇ تۆمۈر رودىسى قاتلىمىنى «قوغلاپ تۇتۇش» ئۈچۈن، 11 كىلومېتىر تاغ يولىنى ماڭدى. شۇ جەرياندا خادا تاشلار قوللىرىنى تىتىۋېتىپ، ئىسسىق قېنى جەنۇبىي قۇتۇپقا ئاقتى. ئۆزى تىكىۋالغان تاغقا چىقىش ئايىقى يىرتىلىپ كەتتى. بىر قېتىم ئۇ مۇز يېرىقىغا چۈشۈپ كېتىپ، ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان ھالقىلىق

(ئاخىرى 7-بەتتە)

# رازىيەدىن ئاممىلار رازى



زىيارەت خاتىرىسى

ئېزىز قۇربان، بارات قۇربان

يېقىندا مۇنداق ئىشنى ئاڭلىدۇق: ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ پېنسىيىگە چىققان بىر كادىرى، تۇيۇقسىز جىددىي كېسەل بولۇپ قېلىپ دوختۇرغا بېرىشقا مۇمكىن بولمىغاندا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئامبۇلاتورىيىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئىچكى كېسەل مەسئۇل دوختۇرى رازىيەگە ئېيتقاندا، بالنىتسىدا ئىشلەۋاتقان رازىيە دەرھال بىمارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرىدۇ ۋە مەخسۇس سېستىرا ئاجرىتىپ، بىمارغا ئوكۇل سالدۇرۇپ، دورا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بىز يەنە ئامبۇلاتورىيە ئەتراپىدىكى نۇرغۇن يولداشلاردىن رازىيەنىڭ بىمارلارغا ئىنتايىن قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى، كېسەلنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈپ، توغرا دىئاگنوز قويىدىغانلىقى، ئۇنىڭ بىمارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ياخشىلىقىدىن بەرگەن دورىسىنىڭمۇ ئوبدان شىپا قىلىدىغانلىقى، داۋالاش تېخنىكىسىنىڭمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىدۇق. بۇنىڭ بىلەن بىزدە مەسئۇل دوختۇر رازىيەنىڭ ئىش - ئىزلىرى بىلەن تونۇشۇش ئىستىكى پەيدا بولدى. بىز دوختۇرخانا رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتۇق ۋە ئۇلارغا مەقسىتىمىزنى ئېيتتۇق. ئۇلار زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ: «توغرا، ئۇ كېسەللەرنى كۆيۈنۈپ داۋالىغاندىن سىرت، ئامبۇلاتورىيىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمىگىمۇ رىئايە قىلىدۇ، ئۇ ئامبۇلاتورىيىدىكى بارلىق دوختۇر - سېستىرالارنىڭ ئۈلگىسى» دېدى ۋە بىزگە ئۇ ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى:

رازىيە ھاشىم 1966 - يىلى شىنجاڭ تېببىي شۆيۈەنىنى پۈتتۈرۈپ، قومۇل ۋىلايىتىنىڭ خۇيچېڭ يېزىسىغا قايتا تەربىيىگە بارىدۇ. ئۇ دەسلەپتە يېزا تۇرمۇشىغا كۆنەلمەي قىينالغان بولسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا دېھقانلارنىڭ داۋالىنىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى ئۇنىڭ بۇ يەرگە ئۈزلىشىپ كېتىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئۇ «مەن چوقۇم ئۆز كەسپىم ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىمەن» دېگەن ئىرادىگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تەرەپتىن دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ تەربىيىسىنى ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپتە ئوقۇغان بىلىملىرىنى ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا باشلايدۇ. بۇ جەرياندا، ئۇ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدۇ. لېكىن، دېھقانلارنىڭ قوللىشى، ئۇنىڭ قىيىنچىلىق-

لارنى يېڭىش ئىرادىسىنى كۈچەيتتى. ئۇ يېزا دوختۇرخانىسىدا ئىشلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا، قېرى، ئاجىز، قىيىنچىلىقى بار دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، كېسەل كۆردى، دورا يەتكۈزۈپ بەردى. دېھقانلار ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ، ئۇنى «ھەقىقەتەنمۇ دېھقانلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك دوختۇر ئىكەن» دەپ تەرىپلىشتى.

رازىيە ھاشىم 1972 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئورۇنلاشتى. ئۇ خىزمەت جەريانىدا، ئىشچىلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا كۆپلەپ تۆھپە قوشۇۋاتقانلىقىدىن ئىلھاملىنىپ، ئۆزىنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى ھەمدە خىزمەتكە زور ئىشتىياق بىلەن بېرىلدى. بۇ جەرياندا، كېچە - كۈندۈز دېمەي، ھەتتا دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنىمۇ سەرپ قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ كېسىلىنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالايدۇ. ئۇلارغا داۋاملىق ھالدا قىزغىن، مۇلايىم پوزىتسىيىدە بولىدۇ. ئىشچىلارمۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرى قاتارىدا كۆرىدۇ. مەيلى ئۇيغۇر، مەيلى خەنزۇ ئىشچىلار بولسۇن، كېسەل بولسىلا، ھەرقانداق ۋاقىتتا رازىيەنى ئىزدەپ كېلىدۇ. رازىيەمۇ خۇشاللىق بىلەن ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ، ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ساقايتىشقا تىرىشىدۇ. ئىشچىلار ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ، «رازىيە دوختۇر كېسىلىمىزنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرىدۇ، قاچانلا بارساق قاپىقىنى تۈرمەيدۇ، شۇڭا بەرگەن دورىلىرى پايدا قىلماي قالمايدۇ» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

گەرچە ئۇ چاغلاردا رازىيەنىڭ بالىلىرى كىچىك، خىزمەت ۋە ئائىلە ئىشلىرىدا مەلۇم قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ، ئىشچىلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسى ھەمدە چەكسىز مىننەتدارلىقى ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خۇشال - خۇرام ئىشلىشىگە ئىلھام بەردى. ئۇ دوختۇرخانىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلماي، جانپىدالىق بىلەن ئىشلەيدۇ. بالىلىرى ئاغرىپ قالسا، دورا ئىچكۈزۈپ قويۇپ، خىزمەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىر بالىسى يىقىلىپ چۈشۈپ قولى چىقىپ كەتكەندە، ئۇ بالىسىنىڭ قولىنى تاڭدۇرۇپ يەسلىگە ئەكىرىپ بېرىپلا ئۆز خىزمىتىگە كېتىدۇ. بالىلىرىنىڭ ھەممىسىگە بىرلا ۋاقىتتا قىزىل چىققاندا، ئۇ كېچىسى دوختۇرخانىدا دېجۇرنى بولۇپ ئىشلەپ، كۈندۈزى بالىلىرىغا قاراپ خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

رازىيە ھاشىم 1983 - يىلى 10 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئامبۇلاتورىيىگە يۆتكەلدى. ئۇ، يېڭى ئورۇنغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلەيدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئەتراپتىكى ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى، ئۇ گەرچە ئىچكى كېسەل دوختۇرى بولسىمۇ، باشقا بۆلۈمنىڭ بىمارلىرى ئۇنى ئىزدەپ كەلسە، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى، ئىشەنچىسىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، سەۋىيىسىنىڭ يېتىشىچە كېسەلنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىللىق، مۇلايىم پوزىتسىيىدە بولىدۇ. 1984 - يىلى 2 - ئايدا رازىيە شەرەپ بىلەن پارتىيىگە كىردى. ئۇ: «مەن بىر پارتىيە ئەزاسى، بارلىقىمنى پارتىيىگە، خەلققە بېغىشلىشىم كېرەك» دەپ قاراپ، خىزمەتنى تېخىمۇ ئەستايىدىل، تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەيدۇ. ئۇ: «بىمارلارنىڭ ئازابلىنىشى مېنىڭ ئازابلىنىشىم» دەپ بىلىپ، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ كېسىلىنى تەپسىلىي، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈپ، ئۇلارنى ئۈمىدلەندۈرىدۇ.

بىمارلار ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ، ئۇنى «بىر كۈنمۇ قاپىقىنى تۈرمەيدىغان، يىل بويى ئاچچىقى كەلمەيدىغان دوختۇر ئىكەن» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، بىرەر قېتىممۇ بىمارلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمىگەن. بەزىدە ئۇلاردىن سەۋەنلىك ئۆتسىمۇ، ئۇ: «مەيلى، كېسەل ئازابىنى تارتىۋاتقاندا، مەن ئۇلارنىڭ توغرا بولمىغان تەرەپلىرىدىن رەنجىسەم، كېسەل ئادەم تېخىمۇ ئازابلانمامدۇ؟» دەپ ئويلاپ، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىپ، يەنىلا قىزغىن پوزىتسىيىدە بولىدۇ. ئۇ ياشانغان بىمارلارنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىدەك كۆرۈپ، خىزمىتىنىڭ قانچە ئالدىراش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ دورىلىرىنى ئېلىشىپ بېرىپ، دورا ئىچىش قائىدىلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرىدۇ. رازىيەنىڭ بۇ خىل خىزمەت ئىستىلىدىن تەسىرلەنگەن كەڭ ئامما دوختۇرخانىغا كۆپ قېتىم ياخشى ئىنكاسلارنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھاياجانلانغان ھالدا «رازىيە ھەقىقەتەن خەلقنىڭ ياخشى دوختۇرى ئىكەن» دەيدۇ.

رازىيە داۋالاش خىزمىتىگە ئۆزىنى بېغىشلىغاچقا، باشقىلارنىڭ سالامەتلىكى، خاتىرجەملىكى ئۈچۈن، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنىمۇ قۇربان قىلىدۇ. كۈندىلىك خىزمەت ۋاقتى توشقاندا، بىمارلار ئۇنى ئىزدەپ كەلسە، ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتمەستىن، كېسىلىنى تەپسىلىي كۆرۈپ بولۇپ، ئاندىن ئىشتىن چۈشىدۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتقاندا، قوشنىلىرى ئىچىدە ھەرقانداق بىرسى ئاغرىپ قېلىپ ئۇنى ئىزدەپ كىرسە، ئۇ «بۇلار مېنى دائىم ئاۋارە قىلىدىغۇ» دېمەستىن، ئۆز ئىشىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۆرىدۇ. ئېغىر، جىددىي خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىرىنى ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا كېچىلەپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ، داۋالىنىشىغا ياردەملىشىپ، ئۇلارنى غەم - قايغۇدىن خالاس قىلىدۇ.

رازىيە دوختۇرخانىدا ئۆزى قىلالىغۇدەك ئىش بولسىلا ھەرگىز باش تارتمايدۇ. كېسەل داۋالاشتىن سىرت، ھەرقايسى بۆلۈملەردە دوختۇرلار بىلەن بىمارلار ئارىسىدا تىل قىيىنچىلىقى تۇغۇلغاندا، ئۇلارغا تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىدۇ. ھەر يىلى باھار بايرىمى كۈنى ئۇ باشقىلارنىڭ خۇشال - خۇرام بايرام ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، بۆلۈمنىڭ دىجورنىلىق ۋەزىپىسىنى شەخسەن ئۆزى ئورۇنداپ، خىزمەتداشلىرىنىڭمۇ رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ، بارلىق دوختۇر، سېستىرالار بىلەن خۇددى ئۆز قېرىنداشلىرىدەك ئىناق ئۆتىدۇ.

رازىيەنىڭ ئىدىيىسىدە ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى رەھبەرلىكنىڭ باھالاپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىشتەك شۆھرەتپەرەسلىكتىن قىلچە ئەسەر يوق. ئۇ پەقەت ئاممىنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشسە، ئۆز كەسپى ئارقىلىق، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلسىلا، ئۆزىدە چەكسىز شان - شەرەپ ۋە بەخت ھېس قىلىدۇ. يېقىندا ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى شەھەردىكى ھەرقايسى دوختۇرخانىلارنىڭ تىببىي خادىملىرىغا قارىتا ئاممىنىڭ پىكرىنى ئېلىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرغاندا، رازىيەگە تەشەككۇر ئېيتىپ يېزىلغان خەتلەر ئامبۇلاتورىيە بويىچە ئەڭ كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن. رازىيە سېمونت زاۋۇتىدا ئىشلىگەن چېغىدا تۆت قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالانغانىدى. 1988 - يىلى ئۇ يەنە ئامبۇلاتورىيە بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» ۋە «مۇنەۋۋەر تىببىي خادىم» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

# بالىڭىز تاكاللاشقاندا

ئاتا-ئانىلار بالىلىرى بىلەن سۆزلەشكەندە ئۇلارنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش ئىنتايىن مۇھىم. بۇنداق دېگەنلىك — بالىنىڭ سۆزىنى ئۇنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئاڭلاپ، ئويلىنىپ ۋە چۈشىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇنىڭ ئوي-پىكىر ۋە ھېسسىياتىنىمۇ بىللە چۈشىنىش كېرەك، دېگەنلىكتۇر. ئاتا-ئانىلار پەقەت مۇشۇنداق ئۇسۇلنى قوللانغاندىلا ئاندىن ئۆزلىرى بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى يېشەلەيدۇ.

بەزى بالىلار كىچىك ۋاقتىدا ياۋاش، گەپ ئاڭلايدىغان كېلىدۇ. ئەمما بىر كۈنلەرگە كەلگەندە نېمە ئۈچۈندۇر ئۇشتۇمتۇتلا تەرسالىشىپ، ئاتا-ئانا بىلەن تاكاللىشىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بالىلاردىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش چوڭلارنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدۇ، ھەتتا بەزىدە بەكمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدۇ.

ئاتا-ئانىلارنى ساراسىمىگە سالىدىغان بۇ «قارشىلىشىش» ھادىسىسى بالىلاردا ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويۇشنىڭ ئالدى-كەينىدە يۈز بېرىدۇ.

ئاتا-ئانا بىلەن بالىلارنىڭ بۇ خىل قارشىلىشىشقا بولغان تونۇشىدا پەرق ناھايىتى چوڭ بولىدۇ.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

قانداق ئەھۋاللاردا بۇنداق قارشىلىشىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئاتا-ئانىلار ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئىنكاسلار مەلۇم بولغان.

ئاتا-ئانىلار مۇنداق دېگەن:

— بۇرۇن ئاڭلايدىغان گەپلەرنى ھازىر قىلغان ھامان ئاچچىقلىنىدۇ.

— ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئاچچىقلىنىدۇ، ھەتتا تاكاللىشىدۇ.

— ئورۇنسىز خاپا بولىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار مۇنداق دېگەن:

— نەتىجە، مىجەز-خۇلق ۋە تۇرمۇش توغرىلىق سۆز قىلغاندا ھە دېسىلا باشقا مەسىلىلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالماي خاپا بولىمىز.

— بىزگە ئىشەنمىگەندىكىن قارشىلىشىمىز.

— دوستلىرىمىزنى يامان كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى سۆزلىگەندە تاكاللىشىمىز.

شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بالا بىلەن ئاتا-ئانىنىڭ ئىنكاسى بىردەك بولمايدۇ.

ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن بۇ خىل پەرق كېلىپ چىقىدۇ؟ ئاتا-ئانىلار ياش-ئۆسـ

مۇرلۇق مەزگىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە شۇ دەۋردە تۇرۇۋاتقان پەرزەنتلىرىنى چۈشەنمەيدۇ.

بالىلارنىڭ قارشىلىشىشى «ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى»دىكى ئالاھىدىلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان تەبىئىي ھادىسە. بالا ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا مۇستەقىل، ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ئېستىكى تۇغۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بۇنداق ئېستىكى قانائەتلەندۈرۈلمىسە ئۈمىدسىزلىنىدۇ ياكى قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

ياش-ئۆسمۈرلەر يا كىچىك بالا ئەمەس، يا چوڭ ئادەم ئەمەس. شۇڭا، ئۇلاردا ھەم بالىلارچە قىلىق بار، ھەم چوڭلارنىڭ مىجەزى بار. ئۇلاردا مۇقىم مىجەز بولمايدۇ. جەمئىيەتكە ماسلىشىشچانلىقى ئاجىز بولىدۇ. شۇڭا، تۈنۈگۈن پەرۋا قىلمىغان گەپلەرنىڭ بۈگۈن غۇرۇرىغا تەگكەنلىكىنى ۋە بېسىم بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. مەسىلەن، بالا ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن بوغچىسىنى ئېلىپ ئۆگىنىشكە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا ئاتا-ئانىسى كېلىپ: «ئوبدان ئۆگەنگىن جۇمۇ» دېسە، بالا شۇ زامان ئۆگىنىش قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە خاپا بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بالا ئاتا-ئانىنىڭ گېپىنى ماڭا مەدەت بېرىۋاتىدۇ، دەپ چۈشەنمەستىن بەلكى مېنىڭ تىرىشچانلىقىمنى ۋە قابىلىيىتىمنى كۆزگە ئىلمايۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بالىلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇسۇلى خىلمۇ خىل بولىدۇ. مەسىلەن، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئۆيدىكىلەر بىلەن بىللە بولۇشنى خالىمايدۇ، ئۆزى يالغۇز ھۇجرىسىغا كىرىۋالىدۇ، ئۆيدىكىلەر بىلەن سۆزلىشىشنى ياقتۇرمايدۇ، سەۋەبسىزلا ۋارقىرايدىغان، بوغچىسىنى چۆرۈۋېتىدىغان، نەرسە-كېرەكلەرنى تۇرۇپ چاقىدىغان، تامنى مۇشتلايدىغان بولۇۋالىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ باشقۇرۇشىنى خالىمايدۇ، ئاتا-ئانا بىلەن تاكاللىشىپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ.

ئاتا-ئانىلارنى ساراسىمىگە سالىدىغىنى بالىلارنىڭ ئۆز ئوي-پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشى ۋە تاكاللىشىشىدۇر. ئەمەلىيەتتە جىم بولۇۋېلىپ قارشىلاشقاندىن، سۆزلەپ تۇرۇپ قارشىلاشقان ياخشىراق. چۈنكى، سۆزلەپ تۇرۇپ قارشىلاشسا ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالالايدۇ.

ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى قارشىلىشىش ئۆزلۈكىدىن يېتىلگەن تەبىئىي ۋە زۆرۈر بولغان ئاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بالىلار قارشىلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆز تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەمدە خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىدۇ.

ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى بالىلارنىڭ ئۆز ئېتىقادىنى يېتىلدۈرىدىغان مەزگىلى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئاتا-ئانىسىغا تايىنىشنى خالىمايدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى توسالغۇ دەپ قارايدۇ ۋە ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ يولسىزلىق بىلەن قارشىلىشىدۇ.

سوبيېكتىپ ئاڭنىڭ تەرەققىياتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، قارشىلىشىش مەزگىلى ھەممە ئادەم بېشىدىن ئۆتكۈزىدىغان تەبىئىي جەريان. ياش-ئۆسمۈرلەر مۇشۇ جەرياندا ئۆز ئوي-پىكرىنى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە چوڭلارنىڭ ئىنكاسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتىنى چۈشىنىدۇ. مانا بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىش پۇرسىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ قارشىلىشىشىغا قايغۇرماسلىقى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك. بۇ ۋاقىتتا، ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ پسىخىكا جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، ئۇلارنى چۈشىنىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارغا ياردەم بېرىشى ۋە يېتەكلىشى كېرەك. ئەمما ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ قارشىلىشىشىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىك لازىم. چۈنكى، ياش-ئۆسمۈرلەردە سادىر بولۇۋاتقان مەسىلىلەر ۋە قانۇنسىز قىلمىشلار بەزىدە قارشىلىشىشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

مۇتەخەسسىسلەر، بالىلارنىڭ قارشىلىشىشىنىڭ ئىجابىي تەرىپى بار دەپ قارىماقتا. ئۇنداقتا، ئاتا-ئانىلار نېمە ئۈچۈن بۇ خىل «قارشىلىشىش»نى قوبۇل قىلالمايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي. چۈنكى، قارشىلىشىش ئاتا-ئانىلارنى خاپا قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنى بالىلىرىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ئەندىشە قىلدۇرىدۇ.

كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتقان ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرى قاتارلىق مەسىلىلەردىن قارىغاندا، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئائىلە مۇھىتىدا بولۇپمۇ ئاتا-ئانا بىلەن ئىناق ئۆتمىگەنلىكىدە بولماقتا. بالىلار ئاتا-ئانا بىلەن قانچىكى ئۆچلەشكەنسېرى ئۆگىنىش قىلىشنى شۇنچە خالىمايدۇ. ھەدېسىلا تالادا ئويناپ يۈرۈپ يامان بالىلار بىلەن ئارىلىشىدۇ-دە، ناچار ئىللەتلەرنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالىدۇ.

ئاتا-ئانىلارنىڭ قارشىلىشىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بالىلار بىلەن سۆزلىشىشى ئانچە ئوڭايغا توختىمايدۇ.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئاتا-ئانا بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سۆزلىشىش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، 50% تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاتا-ئانىسى بىلەن ئوڭايلىقچە سۆزلەشمەيدىكەن.

ئۇلار، ئاتا-ئانىمىزنىڭ ئويلىغانلىرى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، دەيدىكەن. مانا بۇلارنى چوڭلار بىلەن ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆز قاراش پەرقى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى جەھەتتىكى پەرقلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئوقۇغۇچىلار ئاتا-ئانىلىرىنى «خۇراپىي» ۋە «مەسىلىگە بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن قارايدۇ» دەپ تونۇيدۇ. ئۇلار ئاتا-ئانىسى بىلەن سۆزلەشكەندە ئورتاق پىكىردە بولالمايدۇ. ئۇلار ساۋاقداشلىرى بىلەن ئورتاق پىكىردە بولالىغاچقا، ئاتا-ئانىسى بىلەن سۆزلىشىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ.

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتى بىلەن سۆزلەشكەندە مۇھىمى ئۇلارنىڭ گېپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشى كېرەك.

قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمىغاندا، قارشى تەرەپنىڭ ھېسسىياتىنى ۋە ئوي-پىكرىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بولۇپمۇ ياش قۇرامى ئوخشاش بولمىغان، ئۆسۈپ يېتىلىشىمۇ ئوخشاش بولمىغان ۋە ئوي-پىكىرلىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان ياشلىق مەزگىلىدىكى بالىلار بىلەن سۆزلەشكەندە تېخىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك. دېمەك، «مەن دېگەن چوڭ ئادەم، مېنىڭ گېپىم گەپ بولۇشى كېرەك»، «مەن سېنى باشقۇرىمەن» ياكى «ئابروي تىكلىشىم لازىم» دېگەندەك ئويلاردا بولماسلىقى كېرەك. بالىلارنىڭ دېگەن گەپلىرى كۈلكىلىك ياكى خاتا بولسىمۇ، ئۇنى ئاخىرىغىچە تىڭشاش لازىم.

بالىلارنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ۋە قانداق ھېس تۇيغۇدا بولۇۋاتقانلىقىنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ گېپىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاڭلاش كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى ۋە ھېس-تۇيغۇسىنى چۈشىنىشى كېرەك. مەسىلەن، بالا: «ئاپا مەن مەكتەپتە تەنقىدلەندىم» دېگەندە، «يەنە نېمە خاتالىق ئۆتكۈزدۈڭ» دەپ سورىماستىن، ھېسداشلىق قىلغان ھالدا، «بۇنىڭغا بەكلا بىئارام بولۇپ كەتمىگىن!» دېيىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، بالا ئاتا-ئانىغا بولغان ئىشنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىدۇ. بالا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق ئۇنى خاتالىقى ئۈستىدە ئويلاندۇرۇش ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تېپىپ چىقىش كېرەك. بالىلار بىلەن سۆزلەشكەندە ئۆزى ھەققىدە كۆپرەك سۆزلىسە ئوي-پىكىر ۋە ھېسسىياتىنى ئۇلارغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

سۆزلىشىشنىڭ ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىسا ئۈنۈمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. خېلى كۆپلىگەن ئاتا-ئانىلار بالىلىرى بىلەن سۆزلەشكەندە ھە دېسىلا «سېنىڭ قىلغىنىڭ...... شۇنىڭ ئۈچۈن خاتا» دەيدۇ. مۇنداق بولغاندا، بەزىدە ئەكس تەسىر بېرىپ، قارشىلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بالا مەكتەپتىن كەچ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئوڭايسىزلىنىپ تۇرغاندا، «سەن نېمىشقا كۈندە كەچ قايتىسەن؟» دەپ سورىسا بالىدا شۇئان قارشىلىشىش كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ-دە، «كەچ كەلسەم نېمە بوپتۇ» دەيدۇ.

بۇ ۋاقىتتا، «كېچىكىپ قالدىڭغۇ؟ تازىمۇ ئەنسىرىدىم» دېسە، بالا ئاتا-ئانىنىڭ مېھرىبانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدۇ.

تۇرسۇن مەخسۇت تەرجىمىسى

### مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئائىلە ۋە بالىلار تەربىيىسى ھەققىدە ئېيتقانلىرى

△ ئۆزئارا مۇھەببەت پەرزەنتلەر سەۋەبىدىن مۇستەھكەملىنىدۇ.

△ بالىلار جەمئىيەتنىڭ ھاياتى كۈچى. ئۇلارسىز جەمئىيەت جانسىز ۋە سوغۇق كۆرۈنىدۇ.

△ ئىنسان تەبىئىتىگە بالىلىقتا سىڭدۈرۈلگەن پەزىلەتلەر مۇستەھكەم ۋە ئەنچىلىك بولىدۇ.

△ ئائىلىۋى تەربىيە ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش دېمەكتۇر.

△ خەلقنىڭ بەخت سائادىتى بالىلارنى توغرا تەربىيىلەشكە باغلىق.

△ مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلاردۇر.

△ ئەخلاقى تەسىر كۈچ ھەرقانداق كۈچتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

△ ئائىلە پەرزەنتلەردىن باشلىنىدۇ.

غوجا ئابلا ئابدىكېرىم تەييارلىغان

# ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە قۇرۇلۇشى

مەمتىلى دانى

بىز ھەممىمىز ئائىلىدە تۇغۇلغان، ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. كېيىنچە تويى قىلىپ يېڭى ئائىلىنى شەكىللەندۈردۇق. پەرزەنتلىرىمىز قۇرامىغا يېتىشى بىلەن ئارقا-ئارقىدىن يەنە باشقا ئائىلىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتىدۇ...... بۇ دۇنيادىكى پۈتكۈل ئائىلىلەرنىڭ تارىخى مانا مۇشۇنداق داۋام قىلىپ كەلگەن تارىخ، مەڭگۈ ئۈزۈلمەس، زەنجىرسىمان تارىخ، ئۇ ئىنسانىيەت تارىخى ۋە جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى.

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئاساسىي بىرلىكى، ئىنسان تەرەققىياتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئائىلىدىن تامامەن ئايرىلىپ كېتەلىگەن ئەمەس، ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي پائالىيەتمۇ ئائىلىگە ھېچقانداق مۇناسىۋەتسىز ھالدا ئېلىپ بېرىلالىغان ئەمەس. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئائىلە ئىنسان تۇرمۇشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئائىلە نۆۋەتتە ئائىلىشۇناسلىق ئىلمىنىڭلا ئەمەس، بەلكى سوتسىئولوگىيە (ئىجتىمائىيەت ئىلمى)، ئىنسان مەدەنىيەتشۇناسلىقى، روھىيەت تىبابەتچىلىكى، پسىخولوگىيە ۋە قانۇنشۇناسلىق قاتارلىق ئىلىملەرنىڭمۇ تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ قالماقتا.

ئائىلە دېگەن نېمە؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ، ئالاھىدە مۇناسىۋەتتىكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئۇيۇشمىسىدىن ئىبارەت. ئۇ بىر جۈپ ئەر-ئايالنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرى بولسا مۇشۇ مۇناسىۋەت ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

ئائىلە قاچان ۋە قانداق بارلىققا كەلگەن؟ بۇ مەسىلە دۇنيادا ھازىرغىچە تېخى ئېنىق ھەل قىلىنغىنى يوق. بۇنىڭغا توسالغۇ بولۇۋاتقان نەرسە تارىخىي جەرياننىڭ تولىمۇ ئۇزۇنلۇقىدىن ئىبارەت. بىز ئىلگىرى ئىنسانلار بەش مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ قارايتتۇق. ئالىملارنىڭ كېيىنكى ھۆكۈملىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىنسانلار تارىخى ئاز دېگەندىمۇ ئىككى مىليون يىلغا يېتىدىكەن. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىككى مىليون يىلدىن بۇيانقى تۇرمۇش شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى بىلىش تولىمۇ قىيىن. بىراق، تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ئائىلىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ئىنساننىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن بىللە شەكىللەنگەن. ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپتە پەقەت ئەر-ئايال بولسىلا ئۆزئارا خالىغانچە مۇناسىۋەت قىلىشتەك توپ نىكاھ ھالىتىدە ياشىغان. بۇ مەزگىلدە ھەتتا ئانا-بالا، قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتلەر يۈز بەرگەن. بۇ خىل ئەھۋال چەكلەنگەندىن كېيىن، يات ئەرلەر بىلەن يات ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئەركىن مۇناسىۋەت يەنە داۋاملىشىۋەرگەن. بىر جۈپ ئەر-ئايال گاھى بىرگە ئۆتىدىغان، گاھى ئايرىلىپ يۈرىدىغان، كېيىن يەنە بىرلىشىۋالىدىغان دەۋرلەرمۇ بولغان. بارا-بارا بىرئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش-

تىن ھازىرقى بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇشتەك مۇقىم تۈزۈم شەكىللەنگەن.

بۈگۈنكى دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، توي قىلىش (نىكاھلىنىش) ئائىلىنىڭ قۇرۇلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا توي قىلىشنىڭ فىزىئولوگىك ۋە پسىخىك شارائىتلىرىنىڭ يارىتىلىشى، شۇنداقلا توي قىلىش مەسىلىسىگە بولغان توغرا نۇقتىئىنەزەرنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ئائىلە تۇرمۇشىنى كۆڭۈللۈك باشلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىرسىيەت، ھاۋا كېلىماتى، ئوزۇقلىنىش، مەنىۋى تۇرمۇش، مەدەنىيەت سەۋىيە، دىنىي ئادەت، ئەنئەنىۋى كۆز قاراش ۋە قانۇن - تۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قىز - يىگىتلەرنىڭ توي قىلىشقا بولغان فىزىئولوگىك ۋە پسىخىك شەرت - شارائىتلىرىنىڭ تەييارلىنىشىغا، توي قىلىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ۋە توغرا نىكاھ قارىشىنىڭ تىكلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

نۆۋەتتە، ھەرقايسى رايونلار ۋە دۆلەتلەردىكى قىز - يىگىتلەرنىڭ توي قىلىش يېشى ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭدا جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى چىقىش قىلىنغان. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزدىن ئېيتساق، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» دا «نىكاھلىنىش يېشى ئوغۇللارنىڭ 22 دىن، قىزلارنىڭ 20 دىن تۆۋەن بولماسلىقى شەرت» دەپ بەلگىلەنگەن. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى» دە بولسا، «ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىنىڭ نىكاھلىنىش يېشى ئوغۇللارنىڭ 20 دىن، قىزلارنىڭ 18 دىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كېلىماتى قۇرغاق ھەم نىسبەتەن ئىسسىق، ئىستېمال مەنبەسى بىرقەدەر مول، تۇرمۇش شارائىتىمۇ بىرقەدەر ياخشى، ياشلاردىكى ئىرسىيەت ئامىلى نىسبەتەن كۈچلۈك. بۇ خىل ئەھۋال ئوغۇل - قىزلارنىڭ فىزىئولوگىك يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرمەي قالمايدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت سەۋىيىسى يەنىلا بىرقەدەر تۆۋەن، ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى بۇرۇنراق ئۆي - ئوچاقلىق قىلىشقا ئالدىراشتەك ئەنئەنىۋى ئادەت ھازىرمۇ مەۋجۇت. يەنە كېلىپ ئىسلام دىنىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرى خېلىلا كۈچلۈك. شۇڭا توي قىلىش يېشى جەھەتتىكى بۇ چەكنى ئوبدان ئىگىلەش، تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ،كۆرۈنۈشتە تەشكىلنى، ماھىيەتتە ئۆزىنى ئالداپ قويۇشتەك يامان ئىللەتلەردىن ساقلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئىلمىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، قىز - يىگىتلەرنىڭ تولىمۇ كېچىكىپ توي قىلىشى ياكى تولىمۇ بالدۇر توي قىلىشىنىڭ ھەممىسى بەدەننىڭ فىزىئولوگىك ئىقتىدارىغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىراق، يەنە شۇنىمۇ بىلىپ قېلىش كېرەككى، ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە داۋالىنىش، ئوزۇقلىنىش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، قىز - يىگىتلەرنىڭ فىزىئولوگىك ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشى بۇرۇنقىدىن ئومۇميۈزلۈك ھالدا تەدرىجىي ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە. بۇ خىل ئەھۋالدا توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان قىز - يىگىتلەردە ياكى نىكاھسىز ئەر - ئاياللاردا جىنسىي تەلەپ بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئوتتۇرىسىدا

مۇئەييەن زىددىيەتنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ. ئەمما بۇنىڭدا ئىدراك ئارقىلىق ئۆزىنى كونترول قىلىپ، ئىپپەت-نومۇسنى ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ هايۋاندىن پەرقى مۇهىممى ئادەمدە ئەقىل، تەپەككۇر، هېسسىيات بولۇشىدا، شۇنىڭدەك ئەدەپ-ئەخلاقلىق، شەرمى-هايالىق ئىكەنلىكىدە. ۋەهالەنكى، هەرقايسى ئەل، هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۇ مەسىلىگە تۇتىدىغان قارىشى يەنە ئوخشاش ئەمەس.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر قىز-يىگىتلىرىنىڭ ئائىلە قۇرۇشىدىن ئىلگىرى تونۇشۇشى ۋە بىر-بىرىگە ئىشىنىشى ئۈچۈن كېرەكلىك باسقۇچتىكى مۇناسىۋەت شەكلى ئاساسەن مۇنداق بىر قانچە خىل بولماقتا: 1) ئۆزئارا ياخشى تونۇشۇپ ۋە ياخشى چۈشىنىشىپ توي قىلىش؛ 2) باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق تونۇشۇپ توي قىلىش؛ 3) ئاتا-ئانىلارنىڭ تاللاپ بېرىشى ياكى زورلىشى بىلەن ئانچە-مۇنچە تونۇشۇپلا توي قىلىش؛ 4) باشقىلارنىڭ ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن تونۇشماي ياكى چۈشىنىشمەي تۇرۇپ توي قىلىش. بۇلارنىڭ كېيىنكى ئىناقلىق ئۈنۈمىدە ئوخشىمىغان پەرقلەر مەۋجۇت. ئەلۋەتتە بىرىنچى خىل شەكىلنىڭ ئۈنۈمىنى ياخشى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما مۇتلەق ئەمەس. سەللا دىققەت قىلىنمىسا، سوغۇققانلىق يۈز بېرىشى ياكى تويدىن كېيىنمۇ گۇمانسىراش ئىددىيىۋى هالىتى ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسانلا هېسسىياتقا بېرىلىش كېلىپ چىقىدۇ. ئىككىنچى خىل شەكىلنىڭ ئۈنۈمى ئۈچىنچى خىلىنىڭكىدىن ياخشىراق. ئەمما ئاتا-ئانىلارنىڭ مەسىلىگە سالماقلىق بىلەن ئەتراپلىق قارايدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەرىپىنى ئالاهىدە ئېتىبارغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. تۆتىنچى خىل شەكىلنىڭ ئۈنۈمى هەممىدىن تۆۋەن بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، بىرىنچى خىل شەكىل تېخىمۇ ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىمەكتە.

ياش-قۇرام جەهەتتە، ئوغۇل قىزدىن چوڭراق بولغىنى تۈزۈك. چۈنكى، فىزىئولوگىيىلىك ئېتىقاد ئوغۇللارغا قارىغاندا قىزلاردا بۇرۇنراق يېتىلىدۇ. ئوغۇل قىزدىن 2 - 3 ياش ياكى 3 - 4 ياش چوڭ بولغاندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ جىنسىي فىزىئولوگىيىلىك ئېتىقادلىرىدا باراۋەرلىك ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بۇ خىل باراۋەرلىك هېسسىيات جەهەتتىن ماسلىشىشلىق هالەت شەكىللەندۈرۈپ، تويدىن كېيىنكى ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئۈنۈمىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.





# دانىيەنىڭ ئەقىلدارلىق ئايال پادىشاسى

دانىيەنىڭ ئايال پادىشاھسى مارگارت ئەنگلىيە ئايال پادىشاھسىنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى بولىدۇ.

مارگارت، بويى زىلۋا، چىرايى كېلىشكەن، ياسىنىپ يۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان گۈزەل بىر ئايال بولۇپ، پۈتۈن دانىيىدىكى مودا كىيىملەر ئەڭ دەسلەپتە ئۇنىڭدىن تارقىلىدۇ. بۇ ئىككى ئايال پادىشاھ بىر-بىرىگە ئۈزۈلدۈرمەي خەت يېزىشىپ تۇرىدۇ، دانىيىنىڭ ئايال پادىشاھسى ھەر يىلى ئېرىنى ئېلىپ شەخسىي سالاھىيىتى بىلەن لوندۇنغا مېھمانغا بېرىپ تۇرىدۇ. مارگارت 15 ياش ۋاقتىدا، ئەنگلىيىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، كېيىن كامبرىدگې داشۆسىدە ئارخېئولوگىيە ئۆگىنىدۇ. ئۇ دائىم دوستلىرىغا: «ئەگەر پېشانەمگە ئايال پادىشاھ بولۇش پۈتۈلمىگەن بولسا، ئاللىبۇرۇنلا ئارخېئولوگ بولۇپ قالاتتىم» دەيدۇ.

كامبرىدگې داشۆسىدە ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئايال پادىشاھ «دەننىي خېنىم» دېگەن يالغان ئىسىم بىلەن لوندۇن ئىقتىساد مەكتىپىگە كىرىپ جەمئىيەت باشقۇرۇشنى تەتقىق قىلىدۇ. مۇشۇ چاغلاردا ئۇ تاسادىپىي ھازىرقى ئېرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تويىنى قىلىدۇ. شاھزادە ھېنرىك فرانسىيىلىك بولۇپ، ئەسلى ئىسمى ھېنرىك لېبى مۇنپات ئىدى.

بۇ ئىككىيلەن 1966-يىل 4-ئايدا ئەنگلىيىدىكى بىر توي مۇراسىمىدا تونۇشۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغلاردا ھېنرىك فرانسىيىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك كاتىپى ئىدى. ھالبۇكى، مارگارت بولسا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، دانىيىنىڭ مەلىكىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ مىجەزلىرى بەكمۇ ماسلىشىپ كەتكەچكە، ئاسانلا چىقىشىپ قېلىپ، بىرلىكتە لوندۇنغا قايتىدۇ.

كېيىن مەلىكە، ھېنرىكنىڭ توي قىلىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ، ھېنرىك توي قىلىشتىن نەچچە ئاي بۇرۇن دانىيە تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. 1967-يىلى 6-ئايدا 27 ياشلىق ساھىبجامال مەلىكە 33 ياشلىق دىپلوماتىيە ئەمەلدارىغا ياتلىق بولىدۇ. ھېنرىك شۇ كۈندىن باشلاپ دانىيىنىڭ شاھزادىلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

ئايال پادىشاھ مارگارت ھەر ئايدا ئىككى نۆۋەت ئامما كۆرسەتكەن ئۇۋال قىلىنغانلارنىڭ ۋەكىلىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار بىلەن كەڭ كۇشادە سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت ۋە يەرلىك دائىرىلەرنىڭ مەلۇم سىياسەتلىرىگە قارىتا بەرگەن تەنقىدلىرىنى، تەلەپ-تەكلىپلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئۇ مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولۇشقا تېگىشلىك. بۇندىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، دانىيەلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئايال پادىشاھسىنىڭ يېتىشكەن بىر سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى بايقاپ ھەيران قالىدۇ!

دانىيىلىكلەر روژدېستوۋا بايرىمىنى تەبرىكلەپ ئەۋەتىلگەن ئاتكرىتكا، پوسۇلكا ھەم سالام خەتلەردە يېڭىچە ئۇسلۇپتا ئىنتايىن چىرايلىق لايىھەلەنگەن روژدېستوۋا خاتىرە تامغىسىنى كۆرىدۇ. كېيىنچىرەك بۇنىڭ ئايال پادىشاھ تەرىپىدىن لايىھەلىنىپ سىزىلغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئايال پادىشاھ لايىھىلىگەن بۇ بىر يۈرۈش تامغا جەمئىي 50 تال بولۇپ، ئۇنىڭغا روژدېستوۋا بايرىمىدىكى كەيپىيات ئاساسلىق تېما قىلىنغان، شۇڭا ئۇ ئىنتايىن ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. بۇ خاتىرە تامغىنى سېتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ يېزىلغان خەتلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن دانىيىگە خۇددى يامغۇردەك يېغىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئايال پادىشاھنىڭ سەنئەتكارلىق نامى پۈتۈن دۇنياغا نامايان قىلىنىدۇ.

1977 - يىلى 10 - ئايدا دانىيە مۇنبەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان ئەپسانىۋى چۆچەكلەر توپلىمى «ئۈزۈكنىڭ دوستلۇقى» دېگەن كىتابنىڭ باھاسى 165 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ناھايىتى چىرايلىق سىزىلغان 70 پارچە قىستۇرما رەسىم بار.

ئەسلىدە بۇ قىستۇرما رەسىملەرنى دانىيىنىڭ ئايال پادىشاھى سىزغان بولۇپ، ئۇنى ئىنگلىس مىللىيەت گراسما دېگەن ئىسىم بىلەن ئېلان قىلغانىدى. ئايال پادىشاھ بۇ رەسىملەرگە بېرىلگەن قەلەم ھەققىنىڭ ھەممىسىنى خەيرى - ساخاۋەت جەمئىيەتلىرىگە تەقدىم قىلىۋېتىدۇ.

مارگارت ساياھەت بىلەن چەت ئەللەرگە چىققاندىمۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنى سىزىپ كېلەتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ رەسساملىق تالانتى ئويلىمىغان يەردىن جىنايى ئەنزىلەرنى پاش قىلىشتىمۇ ئەسقېتىپ قالىدۇ. بىر قېتىم ئۇ ئەنگلىيىدە دەم ئېلىۋاتقان مەزگىللىرىدە يېنىدىكى ئۈنچە - مەرۋايىتتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويىدۇ. ئەنگلىيىنىڭ ساقچى ۋە رازۋېتچىكلىرى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا مەلىكە سالاھىيىتىدىكى مارگارت ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستىگە تايىنىپ، ئوغرىلانغان ھەر بىر زىننەت بۇيۇمىنىڭ رەڭگى ۋە شەكلىنى سىزىپ چىقىپ ئەنگلىيە ساقچىلىرىنىڭ سۈرۈشتۈرۈشىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

ئەنگلىيىنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر مەلىكىنىڭ ماھارىتىگە بەكمۇ قىزىقىدۇ، بەزى كىشىلەر: «بۇنى راستىنلا مارگارت مەلىكە ئۆزى سىزغانمىدۇ؟» دەپ گۇمانلانمايمۇ تۇرالمايدۇ.

دانىيە ئايال پادىشاھى نەۋرە ئاچىسىدەك ئۇنداق قائىدە - يوسۇنلار بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ ھازىرقى دەۋردە مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى پادىشاھلارنىڭ بىرى. ئايال پادىشاھ ۋە ئائىلە خوجايىنى بولغان مارگارت ئۆزىنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى توغرىسىدا قىلچىمۇ يوشۇرماستىن: «پادىشاھ بولغانلىقىم ئۈچۈن مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئىنتايىن ئېغىر، لېكىن مەن يەنىلا بىر خوتۇن ۋە ئانا» دەيدۇ.

سالاپەتلىك شاھزادە ھېنرىك ئايال پادىشاھنىڭ ئېرى بولغىنى ئۈچۈن ئاممىۋى سورۇنلاردا ئىككىنچى ئورۇندا ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن بۇنى ئايال پادىشاھ ئاقىلانە ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى، ئۇ: «ئوردا مۇراسىملىرىدا مېنى ئاساس قىلىڭلار، لېكىن توي مۇراسىملىرىدا شاھزادە ئاساسىي ئورۇندا تۇرسۇن، مەن ئائىلەمنىڭ بەختلىك بولۇشىغا موھتاج» دەيدۇ.

ئايال پادىشاھ ئىككى ئوغۇل تۇغقان. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئېتىك، ساغلام ئۆسمەكتە.

ئىسمايىل ئىبراھىم تەرجىمىسى

## ئاچقىنا

ئەھەدى

ئاچ نىگار ئويغان بۇدەم، شەھلا كۆزۈڭنى ئاچقىنا،
بىغۇبار چېھرىڭنى نۇر سۆيسۇن، يۈزۈڭنى ئاچقىنا.
قەد-نىھالىڭ سەرۋىدەك، مەڭزىڭ-زىنناغىڭ لەئلىدەك،
ئاي جامالىڭ شەمشىدەك، چاچسۇن نۇرۇڭنى ئاچقىنا.
نە ئېمىشتۇر ياش تۇرۇپ، چۈمپەردىلەرگە يۆركۈنۈپ،
يۈرمىگىن پىنھاندا، ئاشكار ئەت ئۆزۈڭنى، ئاچقىنا.
كۆيلىدى ۋەسپىڭنى بۇلبۇل، تاغدا سۇمبۇل، باغدا گۈل،
ئىنتىزار ئەتمە، بايان ئەيلە سۆزۈڭنى ئاچقىنا.
كەلدىغۇ ياشنار چېغىڭ، كۆكلەمنى يار ئەتسۇن بېغىڭ،
ۋاقتسىز قىلما خازان غۇنچە-گۈلۈڭنى، ئاچقىنا.
بۇ باھار ئەييامىدا، گۈلگۈن ھايات بايرامىدا،
ياڭرىتىپ ئېيتقىن غەزەل، ئاڭلاي ئۈنۈڭنى ئاچقىنا.
ئەھەدى تاپسۇن ۋىسال، ئالغىن يۈزۈڭدىن پەردىنى،
ئاچقۇسى بەختىڭ چېچەك، بەرگىن قولۇڭنى ئاچقىنا.

## كۆرسەتمىگىن مەيلى ساداقەت

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

كۆرسەتمىگىن مەيلى ساداقەت،
قىسمەت بولۇپ كەلمىسۇن ھىجران.
سۆيگۈڭ بىر چاغ سالغان مۇشەققەت،
بەرداشلىقنى ئەيلىگەن نىمجان.

ئۆپراشلارغا يوق ئەمدى يۈرەك،
ئېسەنلىكنى تىلەيدۇ قەلبىم.
كېرەلمەيمەن جەبرەڭگە كۆكرەك،
ياشاشقىلا قېپ قالدى ئەقلىم.

يەتكۈزمىگىن مەيلى ساخاۋەت،
ئازاپقىسمۇ سالمىغىن دىلبەر.
زورلاش ھەرگىز ئەمەس مۇھەببەت،
تونۇشلارچە ياشايلى، ئەگەر...

## تەنھا يىگىت

ئابدۇرېشىت بارات (ئويغاق)

تەنھا يىگىت يۈرەر دەريا بويىدا،
كۆزى نەمدە، دىلى غەمدە، تىلى لال.
نىگار يىغلاپ تۇرار يىگىت ئويىدا،
قىزغا گىرە سالغان قوپال سېرىق چال.
يىگىت قەلبى ئازابلىنار بوپ مالال.

بىر چاغلاردا ۋەدىلەشكەن يىگىت-قىز،
ئۆمۈرلۈك جور بولۇپ ۋاپا قىلىشقا.
تۇنجى سۆيگۈ يۈرىكىگە سالغان ئىز،
باشلىغانتى يېڭى چېچەك ئېچىشقا.
پەلەك تەتۈر كەلدى ۋىسال تېپىشقا.

گۈگۈم بىلەن كېلەر تەنھا ئۇ يىگىت،
دولقۇنلارنى يارار ئىدى ئارمانلار.
قىرغاقلارغا كۆكسىنى ئۇرۇپ، ئاھ تارتىپ،
دولقۇنلاردىن چاچرار كۈچلۈك پىغانلار.
ياش يىگىتنى ئالدى بۇ ھال قارىتىپ.

# سۆيگۈ

## ئابلىكىم تالىپ

(راخمانجان رۇسۇلىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

ئات سېلىپ چىقسالىڭ سەپەرگە يولدا ھەمراھىڭ بولاي،
چاڭ-توزان قونسا يۈزۈڭگە قولدا رومالىڭ بولاي،
تەگمىسۇن ياتنىڭ كۆزى بويىنىڭدا تۇمارىڭ بولاي،
چارچىغاندا قول بېرىپ، دەردىڭگە دەرمانىڭ بولاي،
بىر ئۆمۈر دىلدىن سۆيەر ئامراق ۋاپادارىڭ بولاي.

توقۇماي نىچۈن قوشاق ئىشقىڭ مېنى مەست ئەيلىسە،
مەن تۇراي قانداق چىداپ دۈشمەن سىنى پەس ئەيلىسە.
باشقىلار گۈل دەپ ئۆزىنى بىزنى ئوت-خەس ئەيلىسە،
كۆز تىكىپ ۋەھشىي نىيەت ئالدامچىلار قەست ئەيلىسە،
جان بىلەن ئاسراپ سېنى كۆكسۈڭدە قالقانىڭ بولاي.

تۈننى تاڭغا ئۇلىدىم تىلەپ زەپەر بەختىڭنى مەن،
ئارزۇيۇم تېزرەك نىگار كۆرسەم گۈزەل بەستىڭنى مەن.
جان پىدا قىلدىم ھامان ساقلاپ بۈيۈك ئەھدىڭنى مەن،
ساپ تەردىم، ئەجرىم بىلەن ئاقلاپ، سېنىڭ شەرتىڭنى مەن،
باغ ياساپ، گۈلباغ ئارا مەڭگۈكە جانانىڭ بولاي.

مەي ئىچەي دەپ تەلمۈرۈپ يۈردۈم مانا لەۋ جامىدىن،
ئەي نىگار يەتكۈز ماڭا پاك سۆيگۈنىڭ ئىنئامىدىن.
قۇتۇلۇپ غەم-قايغۇ ھەم تەشنا، پىراق تامامىدىن،
كۈچ ئېلىپ چىن سۆيگۈنىڭ راھەت بەخش ئىلھامىدىن،
مىڭ جاپا كۈلپەتنى ھەم يەڭگۈچى مەردانىڭ بولاي.

تەگدىشىڭ يوقتۇر ۋاپادا، سەن پەقەت يېگانىسى،
بارچە گۈللەر سەرخىلى ھەم ئەڭ ئېسىل دۇردانىسى.
گۈل چىرايىڭنىڭ بولاي بۇلبۇل كەبى مەستانىسى،
پەرھات كەبى ئالەم ئارا چىن سۆيگۈنىڭ مەردانىسى،
پاك نىيەت، پاك سۆيگۈدە بىر، تەندە بىر جانىڭ بولاي.



# پۇشايمان

مو يىڭفېڭ

ئىشخانىدا بىر ئايال مۇھەررىر بىلەن خىزمەت توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرسام بىرسى ئىشىكنى چەكتى.

— كىرىڭ! — دېدىم مەن. ئەمما بىرسى كۆرۈنمىدى.

— ئىشىكنى ئىتتىرىپ كىرىڭ! — دەپ ئاۋازىمنى تېخىمۇ چىڭراق چىقىرىپ توۋلىدىم. ئەمما يەنىلا شەپە ئاڭلانمىدى. ئايال مۇھەررىر ئەجەبلىنىپ، بېرىپلا ئىشىكنى ئاچتى.

ئىشىك تۈۋىدە كەتمەن شەكلىسى بېشىنى پۈتۈنلەپ دېگۈدەك يېپىۋالغان، چىرايىدىن ئۈلۈك سىنى چىقىپ تۇرغان، قاش - قاپىقى مەھكەم تۈرۈلگەن، ئاشقازان كېسىلى باردەك ئالدىغا مۈكچىيىپلا قالغان بىر ئەر كىشى تۇراتتى. ئايال مۇھەررىر قورققىنىدىن كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىدى.

ئۇ ئىشىكتىن تۈگۈلگىنىچە كىرىپ ئىككىمىزگە نۆۋەت بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن، ماڭا يېقىنلاشتى.

— مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ.

ناھايىتى تونۇشلۇق بۇ ئاۋاز داشۆدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم C نىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ھوي! — دەپ توۋلىۋەتتىم مەن، — قانداق بولۇپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ، ھەقىقەتەن تونۇيالماپتىمەن. ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟

ئۇ ئىش ئۈستىلىمىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كرېسلوغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ھالسىرىغان ھالدا:

— ئاغرىپ قالدىم، ناھايىتى ئېغىر، — دېدى.

— نېمە كېسەل؟ — مېنىڭ خىيالىمغا راك كېسىلى كەلدى.

ئۇ ئايال مۇھەررىرگە قاراپ قويۇپ، گېپىنى توختىتىۋالدى. ئايال مۇھەررىر ئۆزىنى سوراپ، بىر باھانە بىلەن چىقىپ كەتتى.

— مەن نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتتىم، بىلمىۋاتامسەن؟ — دېدى ئۇ كۆڭلى غەش بولغان ھالدا.

مەن چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئائىلىسى ماڭا تونۇشلۇق ئىدى، خام سېمىز خوتۇنى ئۇنىڭغا ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەن، ھازىر ھەممىسىنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ بولغانىدى.

چوڭ ئوغلىنىڭ يېشى ئوتتۇزدىن كەم چىقمايتتى. بۇچاغقا ئۈچىنچى ئەۋلاد دۇنياغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. C بالدۇر توي قىلغاچقا داشۆدە ئوقۇشتىن ئىلگىرىلا دادا بولغانىدى، سىنىپ بويىچە ئۇنىڭ يېشى ئەڭ چوڭ ئىدى. خوتۇنى ئۇنىڭدىن بىر ياش چوڭ ئىدى، ئەمما چوڭدەك تۇرمايتتى، ئۇنىڭ ياش چاغلىرىدا خېلى قاملاشقان ئايال ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. هازىر ئۇلار ئەللىكتىن ئاشتى. ئۇلارنىڭ چىقىشالمايدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمايتتىكەنمەن، نېمە بولۇپ تۇيۇقسىزلا ئاجرىشىپ كەتكەندۇ؟

— نىكاهتىن ئاجرىشىشنى ئۇ ئوتتۇرىغا قويدىمۇ؟

— ياق، مەن.

— ئۇنداق بولسا نېمىگە قايغۇرىسەن؟

ئۇ خۇرسىنىپ قويۇپ بىر هازاغىچە گەپ قىلالمىدى.

مەن ئۇنىڭ روهىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بىر ئىستاكان ئىسسىق چاي قۇيۇپ بەردىم.

ئۇ، ئۆزىنىڭ قاتتىق كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەمدەك ئۇدا بىرنەچچە كېچە ئۇخلىيالمىغانلىقىنى، قۇتۇلغۇسىز زىددىيەتلىك خىياللار تۈپەيلىدىن ئازاب دېڭىزىغا پېتىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا بىرەر ئەقىل كۆرسەتسە دەپ مېنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— سېنىڭ ناهايىتى ئالدىراشلىقىڭنى بىلىمەن — دېدى ئۇ، — سېنى ئامالسىزلىقتىنلا ئىزدەپ كەلدىم. سەن يازغۇچى، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىسەن، يەنە كېلىپ نىكاهدىن ئاجرىشىپ، قايتا توي قىلغان تەجرىبەڭ بار......

مەن ئۇنىڭدىن ئىشنىڭ ئۆتمۈشىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ:

— مەن ئاۋۋال سوراۋالاي، سەن نىكاهتىن ئاجراشقاندا قايغۇرغانمۇ؟ — دېدى.

بۇ گەپ ماڭا ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى ئەسلەتتى.

مەن ئاۋۋالقى خوتۇنۇم بىلەن ئون بەش يىلدىن ئارتۇق ئۆي تۇتقانىدىم. گەرچە ئىككىمىز تازا قاملىشالمىغان، دائىم ئۇرۇشۇپ ئاق تاغلىق - قارا تاغلىق بولۇپ يۈرگەن بولساقمۇ، هەر ئىككىمىز ناهايىتى كۆيۈنىدىغان ئىككى قىزىمىزنى ئويلىمىساق بولمايتتى. مەن ئازابلىنىپ، مەسىلىنى ئاجرىشىش ئارقىلىق هەل قىلىشنى كۆپ قېتىم ئويلىغان بولساممۇ، ئەمما ئوماق قىزلىرىمغا قارىشىم بىلەنلا كۆڭلۈم يۇمشاپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم جاپا تارتساممۇ مەيلى دەپ، قىزلىرىمنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشىنى خالىمىدىم. 1974 - يىلى بىر پالچى ماڭا يوشۇرۇپ ئولتۇرمايلا: «سىز بىرلا ئايال بىلەن ئۆي بولۇشۇپ كېتەلمەيدىكەنسىز» دېدى. مەن شۇ چاغدا ئۇنى جۆيلۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. بۇنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش ئەمەسلىكىنى نەدىن بىلەي، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز راستىنلا كوچا دوقمۇشىغا كېلىپ قالدى. ئاجرىشىشتىن ئىلگىرىكى مەزگىللەردە ئۆيگە قايتىدىغان يولغا ئاياغ بېسىشىم بىلەنلا كۆڭلۈم غەشلىككە چۆمەتتى. بەزىدە كوماندىروپكىغا چىقىپ، بىرەر ئايدىن كۆپرەك سىرتتا تۇرۇپ كەلسەممۇ يەنىلا ئۆيۈمگە بارغۇم كەلمەي، يۈك - تاقلىرىمنى ئۆشنەمگە ئارتقىنىمچە يېقىن ئارىدىكى دوستلىرىمنىڭ ئۆيلىرىگە باراتتىم. ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن بۇرۇنقى ئۆيگە قايتىدىغان ئاشۇ يولدىن يەنىلا قورقۇپ يۈردۈم. بۇ يەردىن هەر قېتىم ماشىنىلىق ئۆتكىنىمدە ياكى كۆزۈمنى يۇمۇۋالىدىغان ياكى باشقا ياققا قارىۋالىدىغان، ياكى ئۆزۈمنى باشقا ئىشلارنى ئويلاشقا مەجبۇرلايدىغان، شۇ ئارقىلىق قەلبىمدىكى تەسۋىرلىگۈسىز ئازابنى قوغلايدىغان بولدۇم.

مەن C غا مۇنداق دېدىم:

— نىكاھتىن ئاجرىشىش كىشىلىك ھاياتتىكى بىر قېتىملىق چوڭ مەغلۇبىيەت، ھەرگىزمۇ كۆرەڭلەيدىغان ئىش ئەمەس. نىكاھدىن ئاجرىشىش ئازابتىن قۇتۇلۇشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغىنى خۇشاللىق بولماستىن، بەلكى كىشىنىڭ خىيالىغا كىرىپ - چىقمىغان باشقا بىر خىل ئازاب بولىدۇ. كۆپ يىللىق ئەر - خوتۇنلار ئاجرىشىشقا توغرا كەلگەندە بىر - بىرىدىن تىرىسىك تۇرۇپلا ئايرىلىدۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇرۇشاي دېسىمۇ پۇرسەت تاپالمايدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى بىردىنلا تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ، ھەسرەتكە تولىدۇ. مۇنداق چاغدا ھەرقانداق قەيسەر ئادەممۇ خۇپىيانە ھالدا يىغلىماي قالمايدۇ. مېنىڭچە بۇ، نىكاھتىن ئاجراشقان بارلىق ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئورتاق ھېسسىياتى بولسا كېرەك.

— دەل شۇنداقكەن، — دېدى C، — مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، ئىدارىسى ۋاقىتىنچە ئۆي ھەل قىلىپ بېرەلمىگەچكە، يەنىلا مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئېغىز ئۆيدە تۇردۇق، ئارىمىزنى مېھمانخانا ئايرىپ تۇراتتى. ھەر كۈنى ئەتتىگەن ۋە كەچلىكى ئۇنى كۆرۈشۈم بىلەنلا كۆڭلۈم بۇزۇلىدىغان، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغۇم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ماڭا ناھايىتى بەختسىزدەك كۆرۈنەتتى.

— ئۇنداقتا سىلەر نېمە سەۋەبتىن ئاجرىشىپ كەتتىڭلار؟

— ساڭا راستىنى ئېيتسام، سەۋەنلىك مەندىن ئۆتتى، — دېدى ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ، — مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزۈمدىن ئون نەچچە ياش كىچىك بىر ئايال بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، بۇ ئۆتكەن يىلى بولغان ئىش. دەسلەپتە زېرىكىش تۈپەيلىدىنلا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇم، كېيىنچە مۇناسىۋىتىمىز چوڭقۇرلىشىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم. ئۇ مېنى نىكاھتىن ئاجرىشىشقا قىستىدى، بولمىسا مەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشتىن قورقتۇم، ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ بولۇپ كېتىشىنى تېخىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم. ئۇ نىكاھتىن ئاجرىشىپ بىر بالىسى بىلەن ئايرىم ئۆتۈۋاتقان ئايال ئىدى، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بىرسىگە خوتۇن بولاتتى، ماڭا تەگمىسە باشقا بىرسىگە تېگەتتى. ئەمما، مېنىڭ نىكاھدىن ئاجرىشىش ئىرادىسىگە كەلمىكىم ناھايىتى تەسكە توختىدى. 30 يىل ئۆي تۇتۇپتۇق، ئوغۇل، قىزلىرىمىز ۋە نەۋرىلىرىمىزمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، ئاجرىشىش ئۆتكىلىدىن ئۆتمەك تەس گەپكەن، ئەمما، ئۇياق قىستاپ تۇرۇۋالغاچقا، نائىلاج سېناپ بېقىشقا مەجبۇر بولدۇم. خوتۇنۇمنىڭ بۇ گەپنى چىقىرىشىم بىلەنلا قوشۇلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي، شۇنداق قىلىپ، ناھايىتى تېزلا نىكاھتىن ئاجراشتۇق.

— ھېلىقى ئايال نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئىشچى.

— چىرايلىقمۇ؟

— سەندىن يوشۇرۇپ ئولتۇرمايمەن، ئۇ قالتىس كېلىشكەن ئايال. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولسام ئۆزۈمنى ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. ئۇ ئادەمنى تولىمۇ مەھلىيا قىلىدۇ، راست دەۋاتىمەن.

— مىجەزى ياخشىمۇ؟

— ياخشى دېگىلىمۇ، يامان دېگىلىمۇ بولمايدۇ، نېمە دېسەم بولار؟ مىجەزى يامان،

ئەمەس. ئەمما مەن نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئۇ سەل ھەددىدىن ئېشىۋالدى. ئىلگىرىكى خوتۇنۇمنىڭ ئىدارىسى ئۆي سېلىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ يېرىم يىلدىن كېيىن كۆچۈپ كېتەلەيتتى. لېكىن، ھازىرقى بۇ ئايال ئۇنى تېزدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۆزى بىلەن دەررۇ توي قىلىشىمنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ تەخىر قىلالماي كۈندە نەچچە سۆيلەپ مېنى قەتئىي بىر ئىرادىگە كېلىشكە قىستىدى. ئەگەر بىر ئىرادىگە كېلەلمىسەك مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەنسەن، سېنى ئۇ قىلىمەن، بۇ قىلىمەن، دەپ مۇتىھەملىك قىلىۋاتىدۇ، ئۇنى بۇ ئەھۋالدا نەگە قوغلىۋەتكىدەكمەن؟ كوچىغا؟ ئىشنى بەك ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن بىلەن بولمايدۇ. مەن ھازىر تەڭقىسلىقتا قالدىم: ئۆيگە كىرسەم نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ قايغۇسىغا پاتىمەن، مەشۇقۇمنى كۆرسەم يەنە خۇشاللىققا چۆمىمەن. بۇ ياققا چىشىمنى چىشلەپ بىر نېمە دېيەلمەيمەن، ئۇ ياققا قەتئىي بىر نىيەتكە كېلەلمەيمەن. بەزىدە كونىسىنى تاشلاپ يېڭىسىنى قوغلاشمىسام بوپتىكەن، شۇ چاغدىكى ئىشقىۋازلىقىم بولمىغان بولسا، ھازىرقى پەرىشانلىقىممۇ بولمايتتى، دەپ ئۆكۈنىمەن. ئەمما ھازىر بۇ يولۇمدىن يېنىۋالالمايۋاتىمەن، ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟ قانداق قىلسام بولار؟

ئۇ، بېشىنى سىلكەدى.

ئۇنىڭ ھېكايىسى ۋە مىسكىن ھالىتى مېنى چوڭقۇر خىيالغا سالدى، مەن بىر پارچە ئىش قەغىزىدىكە چەمبىرەك سىزىپ توشقۇزۇۋېتىپتىمەن، مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى چۈشىنەتتىم، مۇنداق ئىشلار تۇرمۇشتا ئاز ئۇچرىمايتتى. ئۇنىڭغا قانداقراق ئەقىل كۆرسەتسەم بولار؟

—مۇنداق بولسۇن،—دېدىم مەن،—بىز ئىككى خىل ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلايلى، بىرىنچى خىلى، سەن چىشىڭنى چىشلەپ بۇرۇنقى خوتۇنۇڭنى قوغلىۋەت. بەلكىم ئۇ ئۆز ئىدارىسىدىن بىر يەرنى تېپىپ ئورۇنلىشىۋالار. ئارقىدىن ھۇجرا ئۆيۈڭنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ توي قىل. مۇنداق بولغاندا تېخىمۇ چوڭ ئازاب تارتىشنىڭ ھازىرلىقىنى كۆرۈپ قويساڭ بولىدۇ. ئوغۇللىرىڭ ئاپىسىغا ئۆي كۆچۈشۈپ بەرگىلى كەلسە سەن قاراپ تۇرالامسەن؟ كۆزۈم كۆرمىگىنى ياخشى دەپ باشقا بىر جايغا مۆكۈۋېلىپ، ئۇلار كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلسەڭمۇ بولىدۇ. سەن بۇ چاغدا ئۆيۈڭنىڭ چۆلدەرەپ قالغانلىقىنى، ئوبدانلا بىر ئۆينىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى كۆرىسەن! نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ ئەڭ چوڭ ئازابى مانا شۇ چاغدا بىلىنىدۇ. سەن كۆز يېشى قىلىسەن، ھەتتا يۈز-ئابرويىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايلا ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كېتىسەن. كۆز-يېشىڭ تېخى قۇرۇماي تۇرۇپلا يېڭى كېلىنچەكنى قولتۇقلاپ توي خېتى ئالغىلى بارىسەن، ئارقىدىن تاۋار-دۇردۇنغا پۈركىنىپ، ئەيش-ئىشرەت سۈرىسەن. ئوغۇللىرىڭ تويۇڭنى مۇبارەكلەپ كېلەرمۇ؟ سەن ئوغۇللىرىڭنى ۋە نەۋرىلىرىڭنى كۆرەلمەيسەن، بەلكى، ئۆگەي بالاڭنىڭ تازا خۇشياقمىغان ھالدا سېنى «دادا»، دەپ قويغانلىقىنى ئاڭلايسەن، مۇشۇ چاغدا قانداق بولۇپ كېتەرسەن؟ ياش خوتۇن بىلەن ئۆتكىنىڭدە بىر مەزگىل كۆرەڭلىكتىن خالىي بولالمايسەن، يېڭىلىق تۇيغۇسى مەلۇم ۋاقىتقىچە داۋاملىشىدۇ، ئەمما مەڭگۈ يېڭى پېتىچە تۇرىۋەرمەيدۇ. ئەگەر بىر-ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن يېڭىسى كونىغا ئۆزگەرسە، ئائىلە تۇرمۇشىدىكى ھەممە نەرسە يەنە بىر قېلىپقا چۈشسە، سەن بارا-بارا قېرىساڭ، خوتۇنۇڭ تېخى ياشلىقتىن قالماي سەندىن بىزار بولۇۋاتقىنىنى ئىپادىلىسە، سېنى «قېرى» دەپ سالسا، قانداق تۇيغۇلارغا كېلەرسەن؟ يەنە سېنىڭ ئوغۇللىرىڭ، نەۋرىلىرىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوت-

تۇرىسىدا، ئۇنىڭ باللىرى ئوتتۇرىسىدا ئارىلىشىپ ئۆتۈشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

ئەگەر ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ئېيتىشىپ قالسا سەن قانداق بىر تەرەپ قىلىسەن؟ تەبىئىيكى، مۇنداق بولماسلىقىمۇ مۇمكىن: كېيىنكى خوتۇنۇڭ مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان، ئىشچان بولۇشى، سېنى مىسلى كۆرۈلمىگەن مېھرىبانلىقتىن بەھرىمەن قىلىشى، ئىككىڭلارنىڭ پەرزەنتىڭلارمۇ غەرەز ئۇقىدىغان، كەمسىزلىك قىلمايدىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، نىكاھتىن ئاجراشقان چاغدىكى ئازابلىرىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، ۋاقىت قانچە ئۇزارغانسېرى بۇنىڭ تەسىرىمۇ شۇنچە سۇسلىشىپ بارىدۇ.

ئىككىنچى خىل تەسەۋۋۇر: سەن ئايرىلىش ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، يېڭى مەشۇقۇڭنى تاشلاپ، بۇرۇنقى خوتۇنىڭدىن ئەپۇ قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈدىڭ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن يېڭىباشتىن يارىشىۋالدىڭ، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىڭلار ئىلگىرىكىدەك بېجىرىم بولمايدۇ. سەن تالاغا قارىدىڭ، جاپانى تەڭ تارتقان خوتۇنىڭنى باغرى تاشلىق قىلىپ تاشلىۋەتتىڭ، خوتۇنۇڭ بۇنىڭدىن قانداق خىياللارغا كېلەر؟ ساڭا بۇرۇنقىدەك مۇئامىلە قىلارمۇ؟ بەلكىم ئۇ سەن بىلەن بىر ئائىلىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا يارىشىۋالغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ قەلبىگە كەلسەك، سەن ئازار بېرىپ لەختە-لەختە قان قىلىۋەتكەن. ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئوغۇل-قىزلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ يۈرۈشى، ئۇلار كېتىشى بىلەنلا پەرىشانلىقتا چۆكۈشى مۇمكىن. مۇنداق كۈنگە چىدىيالامسەن؟ سەن چىداشلىق بېرەلمەي ھېلىقى قولدىن چىقىرىپ قويغان مەشۇقىڭنى پاراكەندە قىلىسەن، ئەمما ئۇ باشقىلار بىلەن توي قىلىپ بولغاچقا ساڭا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەتتا سېنى قوغلىۋېتىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭدىن قانداق ئايرىلىپ ئۆيۈڭگە يېنىپ كېلىسەن؟ ئەلۋەتتە، ئەھۋال مۇنداق بولۇپ كەتمەسلىكىمۇ مۇمكىن. بوران-چاپقۇنلاردىن ئۆتكەن مۇھەببەت ۋە نىكاھ تېخىمۇ قىممەتلىك بولىدۇ. سېنىڭ خوتۇنۇڭ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، ھېسسىياتقا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ساڭا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، يېڭىباشتىن خوتۇن ۋە مەشۇق بولىدۇ، ساڭا بەخت، مېھرىبانلىق ۋە خاتىرجەملىكنى ھېس قىلدۇرىدۇ، سىلەر بىر بىرىڭلارغا ھەمدەم بولۇپ، چېچىڭلار ئاقارغىچە بىرگە ياشايسىلەر. مۇنداق ئېھتىمالمۇ مەۋجۇت.

— بۇ گەپچە، يارىشىۋېلىشىمغا مايىلكەنسەن-دە؟

— ساڭا يول كۆرسىتىشكە پېتىنالمايۋاتىمەن. يولنى توغرا كۆرسەتسەممۇ ياخشى، خاتا كۆرسىتىپ قويسام، كېيىنچە مەندىن ئاغرىنىپ قالىسەن. شۇڭا ساڭا ئالدىرىمايراق ئىش قىلىپ، سوغۇققانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىل دېگەن ئەقلىنىلا كۆرسىتەلەيمەن.

— كونكرېتراق دېگىن.

ئالدى بىلەن ھازىرقى مەشۇقىڭنى قايىل قىل، نىكاھتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشتا تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش پايدىسىز. بىر ئادەم نىكاھتىن ئاجرىشىش ئازابىغا قانچە قېتىم بەرداشلىق بېرەلەر؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىنچى قېتىملىق نىكاھدا مەغلۇپ بولغانلارمۇ ئاز ئەمەس. قايتا توي قىلغاندا دەسلەپتە توي قىلغاندىنمۇ بەكرەك ئېھتىيات قىلىش زۆرۈر، قايتا قىلىنغان تويىنىڭ باشقا چىقىمىقى تېخىمۇ تەس. چۈنكى، ئىككى تەرەپنىڭ ئەھۋالى دەسلەپ توي قىلغان چاغدىكىدىن كۆپ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ، ماسلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئامىللارمۇ كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، ئىككى تەرەپ توي قىلىشتىن ئىلگىرى بىر-بىرىنى تولۇق چۈشىنىشى، ئەسەبىي جىنسىي ئىشتەككە تايىنىپلا ئالدىراقسانلىق بىلەن ئىش قىلماسلىقى لازىم. شۇنى چۈشىنىش كېرەككى، ئەر-خوتۇن بولۇش بىلەن

ئاشىق - مەشۇق بولۇشنىڭ خاراكتېرىدە پەرق بولىدۇ. ئاشىق - مەشۇقلار مۇھەببەتنىڭ رومانتىك كۈيى؛ ئەمما ئەر - خوتۇنلارنىڭ جىنسىي مۇھەببەتتىن باشقا يەنە نۇرغۇن مەسئۇلىيىتى، بۇرچى ۋە ئادەتتىكىچە، ھەتتا ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان كۈندىلىك ئىشلىرى بولىدۇ. سىلەرنىڭ ھېسسىي ھازىرلىقىڭلار بولغىنى بىلەن ئەقلىي ھازىرلىقىڭلار يېتەرلىك بولغانمۇ؟ سىلەر ئىككىڭلار چوقۇم بەختلىك بولۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتىمىز، دېگەن قاراشقا كەلسەڭلەرمۇ، بۇنىڭغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، سىلەر كۆيۈپ - پىشىپ يۈرۈۋاتىسىلەر، سىلەردە سوغۇققانلىق كەم، قايتا توي قىلغان قايسىبىر ئەر - خوتۇن توي قىلماستىن ئىلگىرى ئۆز بېشىغا كېلىدىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى مۆلچەرلىيەلىگەن؟ ئەمما، قايتا توي قىلىپ يەنە ئاجرىشىش تراگېدىيەسى يەنىلا كۆپ ئۇچراۋاتىدۇ. توي خېتىنى شۇنچىۋالا ئالدىراپ - تېنەپ ئېلىۋېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇنىڭدىن باشقا مەشۇقىڭغا يەنە مۇنداق بىر پاكىتنى قوبۇل قىلدۇرۇشىڭ كېرەك: سېنىڭ ئالدىنقى خوتۇنۇڭ يېرىم يىل ئىچىدە ئۆيدىن كۆچۈپ كېتەلمەيدۇ، ئۇنى شەپقەتسىزلىك بىلەن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۆي - ماكانسىز قويۇش ئاقمايدىغان گەپ. بارلىق ۋىجدانى بار كىشىلەر بۇنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. ئەگەر سېنىڭ مەشۇقۇڭ غەرەز ئۇقسا، ئازراق بولسىمۇ ھېسداشلىق قىلىشنى بىلسە ئىشنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى كېرەك. مۇبادا ئۇ ھېسداشلىق قىلىشنىمۇ بىلمىسە، مۇنداق ئادەم ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولىدۇ. باغرى بەك قاتتىق ئايال بىلەن بىرگە ياشاش خەتەرلىك - تە! بۇ خۇددى يولۋاس بىلەن بىر ئۆيدە ياشىغاندەكلا بىر ئىش، ئۇ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى سېنى يەپ تاشلايدۇ.

ئالدىرىمايراق ئىش قىل، سوغۇققانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىل دېگىنىمدە، ئالدىنقى خوتۇنىڭ بىلەن زادى مۇشۇنداق ئاجرىشىپ كەتكىنىڭ ياخشىمۇ ياكى يارىشىۋالغىنىڭ ياخشىمۇ؟ دەيدىغان بىر خىيالىمۇ بار. سېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھازىرقى پسىخىك ئىنكاسىڭ نوقۇللا ھېسداشلىقمۇ ياكى ئۇنىڭغا مۇھەببەت تەركىبى ئارىلىشىپ كەتكەنمۇ؟ بۇنىڭغا ئۆزۈڭمۇ ئېنىق بىر نېمە دەپ بېرەلمەسلىكىڭ مۇمكىن. ئادەتتە، بىر - بىرىگە مۇھەببىتى قالماي ئاجرىشىپ كەتكەن ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدا، رەسمىيەت ئۆتكەن چاغدىكى ئازاب تۇيغۇسى ناھايىتى تېزلا يوقايدۇ. مۇبادا بۇ ئۇزاققىچە يوقىمىسا، ھەتتا بارغانسېرى كۈچەيسە، مۇھەببىتىڭلارنىڭ بۇزۇلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سەن ئۆزۈڭنى سىناپ باققاندىن سىرت يەنە قارشى تەرەپنى چۈشىنىشىڭ كېرەك. ئۇمۇ ساڭا سەن ئۇنىڭغا مۇئامىلە قىلغاندەك قىلارمۇ؟ ئەگەر ئۇنى سەنلا ياد ئېتىپ، ئۇ سېنى ئۇنتۇپ قالسا، يېڭىباشتىن يارىشىۋېلىشقا بولمايدۇ.

قىسقىسى، ۋاقىت كېرەك، پەقەت ۋاقىتلا ساڭا قانداق قىلساڭ بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ قويىدۇ.

C بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن بېشىنى لىڭشىتىپلا ئولتۇردى، ئۇنىڭ يۈزىگە بارا - بارا نۇر يۈگۈرۈشكە باشلىدى. مېنىڭ سۆزۈم تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، قولۇمنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ ماڭا قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتتى.

ئايال مۇھەررىر قايتىپ كىرىپ، ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان C غا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى ھەمدە ئۇنى باھالاپ:

— بۇ ئادەم ئىشىكتىن ۋابا تەگكەن توخۇدەك تۈگۈلۈپ كىرگەنىدى، ئەمدى خورازدەك گىدىيىپ چىقىپ كېتىۋاتىدىغۇ، — دېدى.

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

# گۈلدىكى مۇھەببەت

ديا كۇرت

(ئامېرىكا)

دادام ماڭا تۇنجى قېتىم گۈل سوۋغا قىلغان چاغدا مەن توققۇز ياشتا ئىدىم. شۇ چاغدا مەن ئالتە ئايلىق تېپىش ئۇسۇلى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىپ، مەكتەپنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇزىكا يىغىنىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتىم، يېڭى ئوقۇغۇچىلار خور ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولغانلىقىمدىن ھاياجانلىناتتىم. ئەمما كىشىنى جەلپ قىلغۇدەك چىرايىم ۋە باشقا ئارتۇقچىلىقىمنىڭ يوقلۇقىمۇ ئۆزۈمگە ئايان ئىدى.

ئويۇن ئاخىرلىشىپ سەھنىنىڭ كىرۋىكىگە كەلگىنىمدە بىراۋنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىشى ۋە خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان بىر دەستە ئەتىر گۈلنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇشى مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئاشۇ مەنزىرە ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. يۈزۈم ئوتتەك قىزىرىپ كەتتى. دىققەت بىلەن ئۇ تەرەپكە قارىدىم، دادام بىلەن ئاپام ماڭا قاراپ كۈلۈپ ھەدەپ چاۋاك چېلىۋاتاتتى.



دەستە-دەستە گۈللەر ھاياتىمدا بېسىپ ئۆتكەن ھەربىر مۇساپەمگە ھەمراھ بولدى. ئەمما ئاشۇ بىر دەستە گۈل بۇ گۈللەر ئىچىدىكى ئەڭ دەسلەپكىسى ئىدى.

ئون ئالتە ياشقا تولۇدىغان كۈنۈم كېلەيلا دەپ قالدى. ئەمما بۇ مەن ئۈچۈن خۇشال بولغۇدەك ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى، مەن بەك كېلەڭسىز سەمىرىپ كەتكەن ئىدىم. ئوغۇل دوستۇممۇ يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئاق كۆڭۈل دادام بىلەن ئاپام تۇغۇلغان كۈنۈمنى خاتىرىلەپ كېچىلىك ئولتۇرۇش ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ مېنىڭ ئازابىمنى ئەكسىچە كۈچەيتىۋەتتى. تاماقخانىغا كىرسەم ئۈستەلدىكى تورتنىڭ قېشىغا يوغان گۈل، ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ پوغان بىر دەستە گۈل تىزىپ قويۇلۇپتۇ.

مەن مۆكۈنۈۋېلىشنى ئويلىدىم. چۈنكى مېنىڭ گۈل سوۋغا قىلغۇدەك يىگىتىم يوق ئىدى. شۇڭا، دادام ماڭا بۇ گۈللەرنى سوۋغا قىلغانىدى. ئون ئالتە ياش، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان چاغ. ئەمما مېنىڭ يىغلىغۇم كەلدى، ئەگەر يېقىن دوستۇم فىرىش «دادىڭ ھەجەپمۇ ياخشى ئىكەن، بەكمۇ تەلەيلىك ئىكەنسەن!» دېمىگەن بولسا، راستىنلا يىغ

لاپ تاشلىغان بولاتتىم.
دادام سوۋغا قىلغان
گۈللەر تۇغۇلغان كۈنۈم،
مۇكاپات ئېلىش مۇراسىمى،
مۇزىكا كېچىلىكى، مەكتەپ
پۈتتۈرۈش مۇراسىمى قا-
تارلىقلاردا ماڭا ھەمراھ
بولدى.

داشۆنى پۈتتۈردۈم.
ئەمدى مەن يېڭى بىر
كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنى-
مەن ھەمدە ھەش-پەش
دېگۈچە كېلىنچەك بولىمەن.
دادام سوۋغا قىلغان گۈل-
لەر ئۇنىڭ ئىپتىخارىنى
نامايان قىلاتتى. مېنىڭ
مۇۋەپپەقىيەتلىرىمدىن دې-
رەك بېرەتتى. دادام سوۋ-
غا قىلغان گۈللەرنىڭ ماڭا
بېغىشلىغىنى پەقەت خۇ-
شاللىقلا ئەمەس ئىدى. دا-
دام مىننەتدارلىق بىلدۈ-
رۈش بايرىمىدا ماڭا چى-
رايلىق سېرىق جۈيخۇا
گۈلى، روژدېستوۋ بايرىمىدا
غۇچچىدە پورەكلىگەن نو-
رۇز گۈلى، پاسخا بايرىمى-
دا ئاپئاق پىياز گۈلى،
تۇغۇلغان كۈنلىرىمدە قىپ-
قىزىل ئەتىرگۈللەرنى سوۋ-
غا قىلاتتى. دادام يەنە
تۆت پەسىلنىڭ گۈلىنى
بىر دەستە قىلىپ، بالام-
نىڭ تۇغۇلغان كۈنى ۋە
بىزنىڭ يېڭى ئۆيگە كۆچ-
كەنلىكىمىزنى تەبرىكلىگە-
نىدى. ماڭا سوۋغا قىلىدى-
غان گۈل دەستىسى تاكى
ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى ئې-
غىرلىشىپ، ئالەمدىن ئۆت-
كەنگە قەدەر ئۈزۈلۈپ قال-
مىدى. دادام ۋاپات بول-
غاندا مەن ئەڭ يوغان،
ئەڭ قىزىل بىر دەستە ئە-
تىر گۈل سېتىۋېلىپ ئۇ-
نىڭ بېشىغا قويدۇم.

شۇنىڭدىن كېيىنكى
ئون نەچچە يىلدىن بۇيان
غايىۋانە بىر كۈچ مېنى
مېھمانخانىنى يوغان بىر
دەستە گۈل بىلەن بېزەش-
كە ئۈندەپ كەلدى. لېكىن
مەن گۈل سېتىۋېلىشقا
پەقەتلا بارمىدىم. چۈنكى



بۇنىڭ ئاۋۋالقىدەك ئەھ-
مىيىتى قالمىغانىدى. تۇ-
غۇلغان كۈنۈم يەنە كەل-
دى. ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ
تۇيۇقسىز جىرىڭلىشى مېنى
ھەيران قالدۇردى. چۈنكى
ئېرىم گولف توپ ئوي-
نىغىلى كەتكەن، ئىككى
قىزىم سىرتقا چىقىپ كەت-
كەن، ئون ئۈچ ياشلىق
ئوغلۇم مايت بولسا ئەت-
گەندىلا ئوينىغىلى چىقىپ
كەتكەنىدى. ئۆيدە ئۆ-
زۈم يالغۇزلا قالغانىدىم.
بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈم
ئىكەنلىكىنى ھېچكىمگە
ئېيتمىغانىدىم. شۇڭا
مايتنىڭ ئىشىك تۈۋىدە
تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆ-
چۈپ كەتتىم.

— ئاچقۇچىمنى ئۇنتۇپ
قاپتىمەن، — دېدى ئۇ مۇرى-
سىنى چىقىرىپ، — سىزنىڭ
تۇغۇلغان كۈنىڭىز ئىكەنلى-
كىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن،
بۇ گۈللەرنى ياخشى كۆ-
رۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن
ئاپا، — ئۇ كەينىدىن بىر
دەستە گۈلنى چىقاردى.

مەن ئۇنى باغرىمغا
چىڭ باسقىنىمچە، — ئاھ
مايت، مەن گۈلنى نەقە-
دەر ياخشى كۆرىمەن-ھە!
دەپ ۋارقىرىۋەتتىم.

غۇجى تۆمۈر تەرجىمىسى

# بۇ خىل ئەھۋالدا دەۋا شەكىللىنەمدۇ

توختى بارات

ئوبۇلنىڭ كىچىك بالىسى ھويلىدا ئويناۋاتقاندا ھوشنىسى ئوسماننىڭ خورىزى تۇيۇقسىز كېلىپ بالىنىڭ كۆزىنى چوقۇۋالغان. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر بالىنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان. لېكىن بالىنىڭ كۆز ئالمىسى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەچكە داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي كۆرمەس بولۇپ قالغان.

بۇنىڭ بىلەن ئوبۇل سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنغان. سوت مەھكىمىسى بۇ ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ، ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ 127 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئوسماننىڭ ئائىلىسى ئوبۇلنىڭ ئائىلىسىگە داۋالىنىش ۋە بېقىش راسخوتى ئۈچۈن 4000 يۈەن پۇل بېرىش كېرەك، دەپ ھۆكۈم چىقارغان.

دۆلىتىمىز «ھەق تەلەپ قانۇنى» 127 - ماددىسىنىڭ 1 - تارمىقىدا: «بېقىۋاتقان ھايۋانلار (ئىت، توخۇ، مۈشۈك، كالا، قوي، ئۆچكە، غاز، ئۆردەك، ئات، ئېشەك قاتارلىقلار) ئادەملەرنى زىيان - زەخمەتكە ئۇچراتقاندا ھايۋاننى بېقىۋاتقان ياكى باشقۇرۇۋاتقانلار كېلىپ چىققان (بارلىق زىيان) ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ» دەپ بەلگىلىگەن.

يۇقىرىقىغا ئوخشاش باشقا ھايۋانلارنى باققۇچىلارمۇ باققان ھايۋانلارنى ياخشى باشقۇرمىسا بۇ خىل جاۋابكارلىقنى ئوخشاشلا ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئەمەتنىڭ قوشقىرى كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇرغان كۆزى ئەما ھېلىم بوۋاينى ئۈسسۈپ كۆلگە چۈشۈرۈۋەتكەن، تورسۇننىڭ ئېشىكى بوشاپ كېتىپ ئويناۋاتقان بالىنى دەسسەپ زەخىملەندۈرگەن قاتارلىقلار.

سەمەتنىڭ ئىتى تۇيۇقسىز كېلىپ قادىرنىڭ خىروم پەلتوسىنى چىشلەپ يىرتىۋەتكەن، بۇ دەۋادىمۇ ئىت باققۇچى مال - مۈلۈككە كەلگەن زىياننىلا ئەمەس، روھى جەھەتتىن كەلگەن زىياننىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

«ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» (ئومۇمى قائىدىسى) 127 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدا: «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ خاتالىقىدىن كېلىپ چىققان زىياننىڭ ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ھايۋاننى باشقۇرغۇچى ياكى باققۇچى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ. ئۈچىنچى كىشىنىڭ خاتالىقىدىن كېلىپ چىققان زىياننىڭ ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈچىنچى كىشى ئۆزى ئۈستىگە ئالىدۇ» دەپ بەلگىلىگەن. مەسىلەن، بىرسى باشقىلارنىڭ ئىتىنى قەستەن ئادەم چىشلەشكە كۈشكۈرتكەن بولسا، ئۇ ئىت كېلىپ كۈشكۈرتكۈچىنىڭ ئۆزىنى چىشلەپ زەخىملەندۈرسە زىيانغا ئىتنى كۈشكۈرتكۈچى ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. ئەگەر ئىت ئۇنى چىشلىمەي باشقا بىرسىنى چىشلەپ زىيان - زەخمەتكە ئۇچراتسا كۈشكۈرتكۈچى ئىت كەلتۈرگەن زىياننى تۆلەش جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.




ماكسۋېر مارتىس (ئامېرىكا)

بەزىلەرنىڭ خۇشاللىققا بەرگەن تەبىرى: «بىزنىڭ ئىدىيىمىز خۇشاللىنىۋاتقان پەيتتە تۇرغان چاغدىكى بىر خىل پسىخىك ھالەت» دېگەندىن ئىبارەت.
مېدىتسىنا ۋە ئەخلاقشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا بۇ تەبىر ئۆز لايىقىدا بېرىلگەن.

خۇشاللىق ياخشى دورا. بىز خۇشال يۈرگەن چاغلىرىمىزدا ياخشى ئويلىيالايمىز، ياخشى ئىشلىيەلەيمىز ياخشى ھېس-تۇيغۇلاردا بولالايمىز، سالامەتلىكىمىزمۇ ياخشى بولىدۇ، ھەتتا سېزىمىمىزمۇ سەزگۈرلىشىپ كېتىدۇ. خارۋارد داشۆسىدىكى پسىخولوگلار خۇشاللىقنىڭ جىنايى قىلمىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىپ، كۆپ ساندىكى جىنايەتچىلەرنىڭ ياكى بەختسىز ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققان ياكى كىشىلىك مۇناسىۋىتىدە بىر مەزگىللىك خاپىلىق تارتقان تارىخى بولغانلىقىنى بايقىغان. يېرو شۆيۈەنى ئون يىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ: ئەخلاقسىز قىلمىشلار ۋە ئۆچمەنلىكلەرنىڭ نۇرغۇنى بەختسىزلىككە ئۇچراش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ، دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان. بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش شۇنى ئىسپاتلىغانكى: ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇمىدۋار، خۇش خۇي كارخانىچىلار «شەيئىلەرنىڭ ئىجابىي تەرىپىگە كۆپرەك دىققەت قىلىدۇ» شۇڭا، ئۇلار باشقا كارخانىچىلارغا قارىغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ.

خۇشاللىق تالىشىش بىلەن قولغا كەلتۈرىدىغان نەرسە ئەمەس، باشقىلار تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ھەقمۇ ئەمەس. قانىنىڭ ئائىلىنىشى ئەخلاق مەسىلىسىگە كىرمىگىنىدەك خۇشاللىقمۇ ئەخلاق مەسىلىسىگە كىرمەيدۇ. قانىنىڭ ئائىلىنىشى بىلەن خۇشاللىق ئوخشاشلا ساغلام ياشاشنىڭ زۆرۈر ئامىللىرىدۇر.

خاپىلىق — ئازابلىق ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى رەزىل ھەم يىرگىنىشلىكتۇر.

جاھاندا زەئىپ، زارلىنىپ، يىغلامسىراپلا تۇرىدىغان چىرايدىنمۇ سەت، ئەرزىمەس يەنە نېمە بار؟ خاپىلىقنى ئىپادىلەشتىن ئارتۇق جانغا تېگىدىغان يەنە نېمە بار؟ خاپىلىقتىن باشقا قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان يەنە نېمە بار؟ دائىم خاپا يۈرۈش ئەس-

لىدىكى خاپىلىقنى پەيدا قىلغان مۇشكۇل
شارائىتنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.
خۇشاللىقنى كەلگۈسىدىن كۈتۈپ ئولتۇر-
ماي بەلكى ھازىرنىڭ ئۆزىدە كۆرۈش كېرەك.
مەن داۋالانغىلى كەلگەن كېسەللەرنىڭ
ئەھۋالىدىن، ئۇلاردا خاپىلىقنى پەيدا
قىلغان ئەڭ ئومۇمىيۇزلۇك سەۋەب، ئەمەلگە
ئاشۇرۇش قىيىن بولغان پىلان بويىچە
تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقتىن ئىبا-
رەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇلار ھا-
زىرقى تۇرمۇش، ھازىرقى ھالاۋەت ئۈچۈن
ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان
ئىشلار ئۈچۈن باش قاتۇرىدىكەن. ئۇلار-
چە توي قىلغاندىن كېيىن، ياخشى خىز-
مەت تاپقاندىن كېيىن، ئۆي سېتىۋالغان-
دىن كېيىن، مەلۇم ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ
بولغاندىن كېيىن ياكى مەلۇم نەتىجىنى
قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئاندىن خۇ-
شال بولۇش كېرەككەن. بۇنداق ئادەملەر
ھاياتنى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈز-
مەي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. خۇشاللىق، بىر
خىل پسىخىك ئادەت، بىر خىل پسىخىك
پوزىتسىيە، ئەگەر ئۇنى ۋاقتىدا چۈشەن-
مىسەڭ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزمىسەڭ،
كەلگۈسىدىمۇ ئۇنى مەڭگۈ ھېس قىلال-
مايسەن، خۇشاللىق مەلۇم ئوبيېكتىپ مە-
سىلىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن پەيدا بو-
لىدىغان نەرسە ئەمەس، بىر مەسىلە ھەل
قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر مە-
سىلىنىڭ چىقىشى تۇرغان گەپ، ھاياتـ
نىڭ ئۆزى بىر قاتار مەسىلە دېمەكتۇر.
ئەگەر سەن خۇشال بولماقچى بولساڭ،
خۇشال بولىۋەر، «شەرت ئاستىدا» خۇشال
بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

خۇشاللىق يېتىلدۈرگىلى ۋە راۋاجلان-
دۇرغىلى بولىدىغان پسىخىك ئادەت. دۇنيادا
ھەر قانداق ۋاقىتتا يۈزدە-يۈز خۇشال
بولىدىغان بىرمۇ ئادەم بولمايدۇ. خۇددى
شۇ بىرنانىڭ: ئەگەر ئۆزىمىزنى بەختسىز
ھېس قىلىدىغان بولساق مەڭگۈ بەختسىز
بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما بىز باش
قاتۇرۇش، قەتئىي نىيەتكە كېلىش ئارقى-
لىق خۇشال بولىدىغان ئىشلارنى ئويلىساق،
كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى بەزى كۆڭۈلسىز
ئىشلار ۋە شارائىتلارغا تاقابىل تۇرۇش
ئارقىلىق خۇشال-خۇرام ئۆتۈشىمىز مۇم-
كىن. ئۈششاق-چۈشەك ئىشلار، ئوڭۇشسىز-
لىقلار، چېلىشلىرىمىز، نارازىلىقلىرىمىزنىڭ
ھەممىسى پەقەتلا ئادەتلىنىپ قالغانلىقىمىزدىن بولىدۇ. بۇ خىل ئادەت خاراكتې-
رىنى ئالغان ئىنكاسلارنىڭ كۆپچىلىكى
ئۆزىمىز غۇرۇرىمىزغا تەگدى، دەپ ھېساب-
لىغان مەلۇم ئىشلاردىن كېلىپ چىققان.
خۇشال-خۇرام يۈرۈشكە ئادەتلەنسەڭ،
سەن بىر خوجايىنغا ئايلىنىسەن. خۇددى
ستىۋېنسېن ئېيتقاندەك: «ئادەم خۇشال
يۈرگەندە، ھېچبولمىغاندا سىرتقى شارا-
ئىتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرىمايدۇ».
خۇشاللىقتا تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە،
ئىنسان نىشان قوغلىشىدىغان جانلىق. شۇ-
ڭا، ئۇ مەلۇم ئىجابىي نىشاننى كۆزلەپ
تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلا بولسا، چو-
قۇم ئۆزىنىڭ تەبىئىي ۋە نورمالنى رولى-
نى جارى قىلدۇرالايدۇ. خۇشاللىق دەل
تەبىئىي ۋە نورمال رولنى جارى قىلدۇ-
رۇشنىڭ بەلگىسىدۇر. ئىنسانلار ئۆزىنىڭ
نىشان قوغلىشىدىغان رولىنى جارى قىلدۇ-
رىدىغانلا بولسا، شارائىتنىڭ قانداق بو-
لۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز-ئۆزىنى
ئىنتايىن خۇشال ھېس قىلىدۇ. ئۆتكەنكى
تۇرمۇشۇمنى ئەسلىسەم ئۆزۈمنىڭ تىببىي
شۆيۆەندە تىرىشىپ ئۆگەنگەن چاغلىرىم
ۋە يېڭىدىن ئىش باشلىغان كۈنلىرىمنى
ھەممىدىن بەك خۇشال ئۆتكۈزگەنلىكىمنى
ھېس قىلىمەن. مەن ھەمىشە ئاچلىق-يا-
لىڭاچلىققا بەرداشلىق بېرىپ، كۈنىگە 12
سائەتتىن ئارتۇق ئىشلەيتتىم، بىرنەچچە
ئاي ئۆي ئىجارىسىگە نەدىن پۇل تېپىپ

بىرىشنى بىلەلمەي قالغان چاغلىرىمىز بولغانىدى. ئەمما مەندە بىر نىشان شۇنداقلا نىشانغا يېتەلەيدىغان كۈچلۈك ئارزۇ ۋە ئېگىلمەي-سۇنماي باتۇرلارچە ئالغا باسىدىغان كۈچلۈك ئىرادە بار ئىدى.

ئادەمنى بىئارام قىلىدىغىنى يۈز بەرگەن ئىشلار بولماستىن، بەلكى شۇ ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىدىكى باش قېتىمچىلىقلاردۇر. پاجىئەلىك مۇھىت ۋە پايدىسىز شارائىتقا دۇچ كەلگىنىمىزدە ئۆزىمىزنى خۇشال تۇتالمىساقمۇ، لېكىن ئۆز ئۆزىمىزگە ئىچ ئاغرىتىش، پۇشايمان يېيىش كەيپىياتىدا بولمايدىغانلا بولساق، ھېچبولمىغاندا ئارتۇقچە ئازابلىنىشتىن قۇتۇلۇپ قالىمىز.

«ساغلام پسىخولوگىيە»نى سىستېمىلىق مەشق قىلىش. ئاتاقلىق ئېپتىكاشۇناس ئەيمۇسىن «پسىخولوگىيە جەھەتتىكى ساغلاملىقنىڭ ئۆلچىمى ھەممىلا يەردە ئىجابىي تەرەپنى كۆرەلەيدىغان مىجەز-خاراكتېرنىڭ بولۇشىدۇر» دېگەنىدى. خۇشاللىقنى ۋە كىشىلەردىكى ھەر قانداق ۋاقىتتا خۇشاللىقنى ساقلاپ قالالايدىغان ئىرادىنى ئەپچىللىك بىلەن سىستېمىلىق ھالدا يېتىلدۈرۈۋالغىلى بولىدۇ. خۇشاللىق سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۆزۈڭ بارلىققا كەلتۈرىسەن. ئەگەر سەن خۇشاللىقنىڭ ئۆزىچىلا پەيدا بولۇپ قېلىشىنى ياكى تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قېلىشىنى ۋە ياكى باشقىلارنىڭ ساڭا ئاتا قىلىشىنى كۈتسەڭ، ئېھتىمال ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كۈتۈپ قېلىشىڭ مۇمكىن. سېنىڭ ئىدىيەڭنى ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچكىم بەلگىلىيەلمەيدۇ. بۇ دۇنيادا ۋە بىزنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىمىزدا ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ھەر خىل ئامىللار ۋە «پاكىتلار» بىر خىل ئۈمىدسىزلىك ۋە رەنجىشلەرنى ئىپادىلىمىگەنىكەن، ئۇن-داقتا ئۇ ئۈمىدۋارلىق ۋە شاد-خۇراملىقنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ پۈتۈنلەي ئۆزىمىزنىڭ تاللىشىغا باغلىق.

ئالىملارنىڭ ئىجابىي تەپەككۇر قىلىش نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى تەجرىبىلىرى. «تەن، پسىخىكا ۋە روھ» دېگەن كىتابتا دۇنياغا مەشھۇر بىر ئالىمنىڭ قىلغان تەجرىبىسى سۆزلەنگەن: «50 ياشتىن ئاشقىچە مەن غەم-قايغۇ ئىچىدە ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزۈپتىمەن، ھېچقانداق نەتىجەمۇ بولماپتۇ. باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغۇدەك بىرەر ئەسەرمۇ يېزىپ چىقالماپتىمەن. تۇرمۇشۇم قايغۇ-ھەسرەت، مەغلۇبىيەت ئىچىدە ئۆتۈپتۇ. مەن بۈگۈنگە كەلگەندە ئۆزۈمنىڭ روھىي جەھەتتىن ساغلام ياشىمىغانلىقىمنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئەھۋالىم كۈندىن-كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى، تۇرمۇشتىنمۇ جاق تويۇشقا باشلىغانىدىم. مەن بىر ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۆزۈم ئۈستىدە سىناق ئېلىپ بېرىشقا بەل باغلىدىم. مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە ئىدىيەمنى مەلۇم جەھەتلەردىن چەكلەپ تۇردۇم. ئۆتمۈشۈمنى ئەسلىمەكچى بولسام، ئىمكان قەدەر ئۆزۈم خۇشال بولىدىغان ئىشلارنى ئەسلىدىم. يەنى: غەمسىز بالىلىق دەۋرىمدىكى كۆڭۈللۈك چاغلارنى، مۇئەللىمىمنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى، ئىشلىرىمنىڭ پەيدىنپەي ئىلگىرىلەشلىرىنى ئويلىدىم، ھازىرقىنى ئويلىغاندا، زېھنىمنى ئۆزۈم مىننەتدار بولغان ئىشلارغا، ئالايلۇق، ئائىلەمنىڭ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشىمغا شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكى، ۋەھاكازالارغا قاراتتىم. كەلگۈسىنى ئويلىغاندا، بارلىق ئەھمىيىتى بولغان ۋە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان غايىلەرنىڭ ھەممىسىنى مەن ئېرىشەلەيدىغان نەرسە دەپ قارىدىم. شۇ چاغدا بۇنداق قىلىش كۈلكىلىكتەك تۇيۇلدى، ئەمما كېيىن مەندە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر پىلانىمنىڭ

توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.
— ئۇ كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ
باش ئاغرىش كېسىلى بىر ھەپتىدىلا سا-
قىيىپ كېتىپتۇ، ئۇ ھاياتىدا ھېچقاچان
ھېس قىلمىغان خۇشاللىق ۋە ئازادىلىكنى
ھېس قىپتۇ. ئەمما ئۇ يەنە مۇنداق دەي-
دۇ، ئىدىيىۋى ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن
تۇرمۇشۇمنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىكى ئۆز-
گىرىش، تېخىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇ-
رارلىق بولدى. مەسىلەن، مەن ئۇرۇغۇن-
لىغان مەشھۇر كىشىلەرنى ناھايىتى قە-
دىرلەيتتىم، كۈتۈلمىگەندە ئۇلاردىن بىرى
ماڭا خەت يېزىپ، ئۆزىگە ياردەمچىلىككە
تەكلىپ قىلىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن
مېنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىم ئېلان قىلىندى
ھەمدە مېنىڭ كېيىنكى ئەسەرلىرىمنىڭ
ھەممىسىنى ئېلان قىلىشقا ئاساس سېلىن-
دى، مەن بىلەن ھەمكارلاشقان ھېلىقى
ئادەمنىڭ ماڭا كۆپ ياردىمى تەگدى. بۇ
ئاساسەن مەندىكى مىجەز - خاراكتېرنىڭ
ئۆزگەرگەنلىكىدىن بولدى. ئىلگىرى باشقى-
لار مېنىڭ ئەسكى مىجەزىمگە چىدىمايتتى.
— مۇشۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئەسلەيدىغان
بولسام، گويا مەن ئىلگىرى ھايات يولىدا
قارىغۇلاردەك تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئاخىرى
ئىلگىرى مەن ئۇچۇن پايدىسىز بولغان
كۈچلەرنى ماڭا خىزمەت قىلدىغان كۈچ-
كە ئايلاندۇرغاندەك ھېس قىلمەن.

كەشپىياتچى «خۇشاللىق» تىن قانداق
پايدىلانغان. پروفېسسور ئېرموگېيىسى ئامې-
رىكىدىكى ئەڭ مەشھۇر كەشپىياتچى، جا-
مائەت ئېتىراپ قىلغان تالانت ئىگىسى.
ئۇ «خۇشاللىقنى پەيدا قىلىدىغان كۆز قا-
راش ۋە ئەسلىمىلەر»نى ھەر كۈنى ئەس-
لەپ تۇرغان ۋە بۇنداق قىلىشنى ئۆز
خىزمىتىگە پايدىلىق، دەپ ھېسابلىغان،
ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بىر كىشى ئۆ-
زىنى ياخشى تۇتماقچى بولسا، ئۆزىدە
تاسادىپىي كۆرۈلگەن كەڭ قورساقلىق ۋە
باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق
دەپ بىلىدىغان كۆڭۈللۈك تۇيغۇلارنى دا-
ۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنى توختاتماي قانۇنىي-
يەتلىك ھالدا مەشىق قىلدۇرۇشى ھەمدە
پىسخىك ھەرىكەت ۋاقتىنى پەيدىنپەي
ئاشۇرۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا بىر
ئايدىن كېيىن ئۆزىدە كىشىنى ھەيران
قالدۇرغۇدەك ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى باي-
قايدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكەت ۋە ئىدىيىسىدىمۇ
مۇنداق ئۆزگىرىش ئىپادىلىنىدۇ.

خۇشاللىق ئادىتى قانداق يېتىشتۈرۈ-
لىدۇ؟ بىزنىڭ پەرىزىمىز بىلەن ئادىتىمىز
بىرلىشىپ كېتىدۇ. بۇلاردىن بىر تەرەپ
ئۆزگەرسە، يەنە بىر تەرەپمۇ ئۆزلۈكىدىن
ئۆزگىرىدۇ. ئادەت — ئادەتلەنگەن بويىچە
ئۆزلۈكىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان، «پىكىر
يۈرگۈزۈش» ياكى «قارار قىلىش» نىڭ
ھاجىتى بولمايدىغان بىر خىل ئىنكاس
بولۇپ، بىزنىڭ ئىجادىي خاراكتېرلىك
مېخانىزمىمىز تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ.
بىزنىڭ ئىپادە، سېزىم ۋە ئىنكاسلىرىمىز
95 پىرسەنتى ئادەم خاراكتېرلىك بولىدۇ.
پىئانىنوچى ئۈچۈن قايسى تىلنى بېسىشنى
«قارار قىلىش»نىڭ ھاجىتى يوق. ئۇسسۇلچى
ئۈچۈن پۇتنى قايسى جايغا يۆتكەشنى
«قارار قىلىش» نىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار-
نىڭ ئىنكاسى ئۆزلۈكىدىن بولۇپ، ئويلى-
نىپ ئولتۇرمايدۇ. ئوخشاشلا، بىزنىڭ پو-
زىتسىيىمىز، ھېسسىيات ۋە ئېتىقادىمىزمۇ
ئادەت خاراكتېرلىك بولۇپ قالىدۇ. ئەمما
بۇ ئادەتلەر ھەۋەسكە ئوخشىمايدۇ. پەقەت
ئوبدان ئويلىنىپ بىر قارارغا كېلىپ، ئان-
دىن يېڭى ئىنكاس ياكى ھەرىكەتنى «شە-
كىللەندۈرىدىغان» بولساقلا ئادەتنى تۈ-
زەتكىلى، ئۆزگەرتكىلى ھەتتا تامامەن
بۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ.

ئابلىز قاسەۋۋ تەرجىمىسى

# قېيىن ئانىنىڭ كۆز قارىشى توغرىسىدا

ياشانغان ئاياللار جەم بولغان جايدا، قېيىن ئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدىكى سۆز - چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ قالىسىز. بەزىلىرى ئۆز كېلىنىنى ماختاپ پەخىرلىنىدۇ، بەزىلىرى كېلىنى ئۈستىدە قايناپ ئۇغىسى ئۆرلەپ غەزەپلىنىپلا كېتىدۇ. دېمەك، قېيىن ئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدىكى ھەق - ناھەقلەرنى ئايرىش ئىنتايىن مۇھىم. تۆۋەندە بىز قېيىن ئانا ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

ئائىلە تۇرمۇشىدا قېيىن ئانا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بىزنىڭچە، ياخشى قېيىن ئانا بولۇش ئۈچۈن بەزى كونا كۆز قاراشلارنى تۈگىتىپ، يېڭى كۆز قاراش تىكلەش لازىم.

ئىتائەتچان بولۇش كۆز قارىشى توغرىسىدا. قېيىن ئانا كېلىنىنىڭ مۇتلەق ئىتائەتچان بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بولمىسا ئۆرۈپ - ئادەتكە خىلاپ دەپ تونۇيدۇ. بۇ خىل كۆز قاراش ئائىلىنىڭ ئىناق بولۇشىغا دەخلى يەتكۈزىدۇ. بەزى قېيىن ئانىلار كېلىنىنىڭ ئىتائەت قىلىشىنى زىيادە تەكىتلەپ، قېيىنى ئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدا، ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا سوغۇقچىلىق پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا ئائىلە پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا قېيىن ئانا ھازىرقى زامان ياشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، جۈملىدىن كېلىنىنى ئوبدان چۈشىنىشى، ئائىلىدە باراۋەر بولۇش كۆز قارىشى تۇرغۇزۇشى كېرەك.

ئالاقىلىشىش كۆز قارىشى توغرىسىدا. ھازىرقى ياشلار ئۇلپەتچىلىك قىلىشقا ماھىر ھەم خۇشتار كېلىدۇ. ئۆز كېلىنىنىڭ ناتونۇش ئەرلەر بىلەن پاراڭلاشقىنىنى چېقىلىقتۇرغان بەزى قېيىن ئانىلار بۇنىڭدىن ئاچچىقلىنىپ، كېلىنىنى ئوغلىغا چاقىدۇ - دە، نەتىجىدە، ئىنتايىن كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ خىلدىكى قېيىن ئانىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولسا، كېلىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى، جەمئىيەتتىكى بېرىش - كېلىشلىرىنى ئازايتىشى كېرەك. بۇنداق كۆز قاراش ئاساسەن، قېيىن ئانىنىڭ ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى ۋە ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ كونا ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقىدىن پەيدا بولغان. ئۇلار ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى بېرىپ - كېلىشلەرنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل كۆز قارىشى ھازىرقى ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ھازىرقى باسقۇچتىكى دۆلەت ئەھۋالى بىلەن تەتۈر تاناسىپ شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ - دە، ئائىلە ماجىراسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇڭا، قېيىن ئانىلار يېڭى ۋەزىيەتتە، يېڭى ئالاھىدىلىكلەرگە ئۇيغۇنلىشىشى، نورمال ھالەتتىكى ئادىمەتچىلىك پەلسەپىسى كۆز قارىشىنى تىكلىشى لازىم. شۇندىلا، ئائىلىدىكى جىددىيچىلىك كەيپىياتى پەسىيىدۇ.

گۈزەللىك كۆز قارىشى توغرىسىدا. گۈزەللىكنى ھەر كىم ياقتۇرىدۇ، بۇ مەسىلە تاۋار ئىگىلىكى تولۇق راۋاجلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەنمەكتە. جۈملىدىن قىز-

يېگىتلەر پۇزۇر كىيىنىپ مودا
قوغلاشماقتا. بەزى قېيىن ئانىلار جۇڭگو
ئاياللىرىنىڭ ئاددىي - ساددا، ئەمگەكچان
بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىغاچقا،
هازىرقى ياشلارنىڭ گۈزەللىكىنى ياقتۇرۇپ،
چىرايلىق ياسىنىدىغان قىلىقلىرىنى ياخشى
كۆرمەيدۇ: كىيىن چىرايلىق ياسانسا ئەر-
لەرنىڭ كۆزىگە يېقىن بولۇپ، ئائىلىنىڭ
ئابرويىنى تۆكىدۇ، دەپ تونۇيدۇ. بۇ خىل
كۆز قاراشنى يېڭىلاش ئىنتايىن مۇھىم.
قېيىن ئانىلار هازىرقى ماددىي تۇرمۇشنىڭ
زور دەرىجىدە يۈكسەلگەنلىكىنى، مەنىۋى
مەدەنىيەتنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە مۇكەم-
مەللىشىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىش-
نى جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنى-
سىگە ۋارىسلىق قىلىشتىكى ئالاھىدىلىكىدىن
باشلاپ، كېلىنلىرىنى ئىلھاملاندۇرۇشى ھەم
ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق تەلەپلىرىنى نەزەرگە
ئېلىپ، ئۇلارغا مەدەت بېرىشى ۋە توغرا
مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. شۇندىلا ئۇلارنىڭ
غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، ئائىلىنىڭ ئۇ-
يۇشچانلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

دۇنيانى كۆزىتىش كۆز قارىشى توغرى-
سىدا. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دۇنيادا
ناهايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ.
قېيىن ئانىلارنىڭ بۇ ئۆزگىرىشلەرگە، تە-
بىئىي مۇهىت ۋە ئادەمگەرچىلىك ئىشلىرىغا
قانداق مۇئامىلە قىلىشى — كېلىنلەر بىلەن
ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈش
مەسىلىسىدىكى مۇھىم ئامىل هېسابلىنىدۇ.
هازىر 50 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى قېيىن
ئانىلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تۆۋەن
مەزگىللەردە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، جاپا-
دىن قورقمايدۇ، ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە
ئېلىش روهىغا ئىگە. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار
هازىرقى ياش كېلىنلەرنى مىشچان دەپ
هېسابلايدۇ. كېلىنى قىرقى ئىچىدە تالا -
تۈزگە چىقمىسا، ئۇنىڭغا: ئەينى چاغدا
مەن تۇغۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىنلا ئورنۇم-
دىن تۇرۇپ كېتىپ تاماق ئېتەتتىم، يەت-
تىنچى كۈنى ئېتىزغا بېرىپ ئىشلەيتتىم،
شۇنداقتىمۇ هېچنېمە بولمىغانتىم، دەيدۇ.
قېيىن ئانىلارنىڭ بۇ خىل كۆزقارىشى
هازىرقى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.
تىببىي ئىلىمدىن قارىغاندا، تۇغۇتتىن كې-
يىن ئاياللار خېلىلا ماغدۇرسىزلىنىدۇ. بال-
دۇرلا جىسماني ئەمگەك بىلەن شۇغۇللان-
سا، ئۆزىگە يوشۇرۇن كېسەل تېپىۋالىدۇ.
شۇڭا، يەنىلا كۆپرەك ئارام ئالغىنى تۈ-
زۈك. قېيىن ئانا بولغۇچى كېلىنىگە دەۋرگە
قاراپ مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ئۆزىنىڭ
بۇرۇنقى ئەھۋالىنىلا تەكىتلەپ تۇرۇۋالسا
بولمايدۇ. ئۇلار بۇ مەسىلىگە ئىلمىي يو-
سۇندا مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. «مىشچان»
دېگەن نامنى كېلىنىگە ئالدىراپ - تېنەپ
چاپلاپ قويماسلىقى لازىم.

تۇرسۇن ئەمەت تەرجىمىسى



# زانزىبارلىقلارنىڭ توي ئادىتى

توي مۇراسىمىنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈش — زانزىبارلىقلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادىتى، ئۇلارنىڭ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئادىتى ٩ - ئەسىردىن باشلاپ ھىندىستاندىن سىڭىپ كىرگەن.

قۇدىلىشىش: يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلىغا لايىق تاللىماقچى بولسا، قىزنىڭ ئائىلىسىگە مەھەللىدىكى ئابرويلۇق بىر ئايالنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىزنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىنى، ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئائىلە ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشتىن ئىبارەت. مۇبادا قىز بىلەن يىگىت بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان بولسا، پەقەت قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قۇدىلىشىشقا قوشۇلۇش قوشۇلماسلىقىنى بىلسىلا بولىدۇ، ئەگەر قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قوشۇلۇش - قوشۇلماسلىق ھەققىدە ئېنىق بىر پىكىرگە كېلەلمىگەندە، مەھەللىسىدىكى مويسىپىت ئادەمدىن بىرنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالىدۇ.

يۇقىرىقى ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولغاندىن كېيىن، يىگىتنىڭ دادىسى (يېتىم ئوغۇل بولسا تاغىسى ئاتىدارچىلىق قىلىدۇ) بىلەن قىزنىڭ دادىسى بىردىن مەسلىھەتچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يىگىتنىڭ ئەلچىسى ئىككى ئائىلىنىڭ قۇدىلىشىشنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ ئائىلە باشلىقلىرى قۇدىلىشىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن، ئىككى ئائىلىنىڭ ۋەكىللىرى قىزغا ئالىدىغان تويلۇق توغرىسىدا كېلىشىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئادىتى بويىچە تويلۇق تويدىن بۇرۇن تولۇقى بىلەن تاپشۇرۇلۇشى شەرت، ئۇنداق بولمىسا توي ئىناۋەتسىز دەپ قارىلىدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى خوشلىشىشتىن ئىلگىرى تويلۇق تاپشۇرۇدىغان خاسىيەتلىك كۈننى بەلگىلەيدۇ.

تويلۇق يەتكۈزۈپ بېرىش: تويلۇق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان كۈنى ئىپسىل كىيىنگەن قىز - يىگىتلەر ئۇزۇن سەپ تارتىپ يىگىتنىڭ ئۆيىدىن قىزنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ، قىزلار يولدا كېتىۋېتىپ ئۇسسۇل ئويناپ ناخشا ئېيتىشىدۇ، قىزنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقانسېرى ناخشا ۋە مۇزىكىنىڭ رىتىمى تېزلىشىپ كۈلكە - چاقچاقلار ئەۋجىگە چىقىپ كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇزۇن سەپ قىزنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندا قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ، ئەرلەر سىرتتىكى ئورۇندۇقتا، ئاياللار مېھمانخانىدا ياكى بولمىسا قورۇ ئىچىگە سېلىنغان بورا ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ.

تويلۇقنى ئالدى بىلەن قىزنىڭ ئەلچىسى بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بېرىدۇ، قىز تەرەپ نەق مەيداندا تويلۇقنى ئايال مېھمانلارغا كۆرسىتىدۇ، تويلۇقنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋاقتىدا، مېھمانلار تاتلىق - تۈرۈم - قەھۋە ۋە مارۇجنى بىلەن كۈتۈلىدۇ، ئەگەر تويلۇق تولۇق بولسا، كىشىلەر نەق مەيداندا ئىمامنى توي مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. شۇ كۈنى كەچتە ئاياللار ئىككى مەيدان مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ، ئۇنىڭ بىرسى قىزنىڭ ئائىلىسىدە، يەنە بىرسى يىگىتنىڭ ئائىلىسىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ، مەشرەپ تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشىدۇ.

تويلۇق ئاپىرىپ بېرىلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، قىزلار بىر قېتىم كاتتا تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزىدۇ، بۇ تانسىغا پەقەت ئاياللار ۋە 15 ياشتىن ئاشقان قىزلارلا قاتنىشىدۇ. سازەندىلەردىن باشقا ئەرلەر قاتناشمايدۇ.

**كوللېكتىپ تانسا:** رەسمىي توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى، يەنە بىر قېتىم ئادەتتىكى كىشىلەر قاتناشقان كوللېكتىپ تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**تويدىن بۇرۇن تازىلىق قىلىش:** توي قىلىشتىن بۇرۇن تازىلىق قىلىش مۇراسىمى چارشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈنى قىز يەڭگىسى ۋە ئون چوكاننىڭ ھەمراھلىقىدا مونچىغا چۈشىدۇ. قىزنىڭ يەڭگىسى قوينىڭ قېنى ئارىلاشتۇرۇلغان بىر چېلەك سۇ بىلەن قىزنىڭ چېچىنى، ئاندىن بەدىنىنى يۇيۇپ تازىلاپ قويىدۇ، ئاندىن ئەتىر سۈيى بىلەن چايقايدۇ ۋە كوكۇس ئۇرۇقى مەلھىمى بىلەن قىزنىڭ بەدىنىنى سۈرتۈپ، پەردەز قىلىپ ئاندىن قىزنى يۇدۇپ ئۆيگە ئەكىرىدۇ.

مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مېھمانلار قەھۋە، گۆش بېسىلغان پولۇ ۋە قوي گۆشى كاۋىپى، توخۇ گۆشى، تۇخۇم ۋە بېلىقتىن تەييارلانغان مەززىلىك تاماقلار ۋە ھەرخىل قورۇما، مېۋە - چېۋىلەر بىلەن كۈتۈلىدۇ.

**قىز كۆچۈرۈش:** قىز كۆچۈرۈش توي مۇراسىمىدىن ئىككى كۈن بۇرۇن كەچتە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

سائەت 8 دە، توي بولىدىغان قىزنىڭ دوستلىرى ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا قىزنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تاماق يەپ ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ، سائەت 11 دە، چىراغلار ئۆچۈرۈلۈپ، ئۇسسۇل ۋە ساز ئاۋازىمۇ توختايدۇ، جىمجىت قاراڭغۇ كېچىدە تۇيۇقسىز بىر توپ كىشىلەر كىرىپ قىزنى باغلاپ ماڭماقچى بولىدۇ، قىز بىر مەھەل تىركىشىپ، كۈچىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، بىراق ئۇلار كۈچلۈك ئاياللار تەرىپىدىن ئۆينىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىلىدۇ، سىرتتا ساقلاپ تۇرغان بىر توپ يىگىتلەر قىزنى تارتىپ ئېلىپ ماڭماقچى بولغاندا، قىزنىڭ يەنە بىر توپ دوستلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن يىگىتلەرنى توسىدۇ، قىزمۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ - تىرىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. بىراق ئاخىرى يەنىلا ھالسىزلىنىپ يىگىتلەر تە-

رىپىدىن يۇدۇپ كېتىلىدۇ، كىشىلەر قىزنى ھۇجىرىسىغا ئاپىرىپ قويىدۇ، قىزنىڭ كاردۋىتى ئەتىرگۈل ۋە يەسىمىن گۈلى (ئاق چاي گۈل) بىلەن ناھايىتى چىرايلىق بېزىلىدۇ .بۇ چاغدا ساز ئاۋازى قايتا كۆتۈرۈلىدۇ، كىشىلەر يەنە يېرىم كېچىگىچە خۇشاللىق بەزمىسى قىلىشىدۇ.

زانزىبارلىقلار كۆچۈرگىلى بارغاندا قارشىلىق كۆرسەتكەن كېلىن كېيىنكى ئوڭۇشسىزلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، باشقىلارغا مەڭگۈ بوزەك بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

**يىگىتنىڭ ھۇجرىغا كىرىشى:** توي بولغان كۈنى توي مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا كەلگەن قىز مېھمانلار مېھمانخانا، ياتاق ئۆي ۋە قورۇدا، يىگىتلەر ئىشىك ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ، قىزنىڭ دادىسى يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ئۇدۇل ئولتۇرىدۇ، ئىمام مۇراسىمنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلاپ، ئاۋال «قۇرئان» ئوقۇيدۇ، شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ دادىسى ئىسرىقدانغا ئوت يېقىپ ھويلىنى بىر ئايلاندۇرىدۇ، ئاندىن ئىككى گۇۋاھچى ئىمامنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە مېھمانخانىغا كىرىپ كېلىننىڭ توي ئىشىغا بولغان رەسمىي پىكرىنى ئاڭلايدۇ ۋە قىزدىن ئۇنىڭ تويلۇقنى تاپشۇرۇۋېلىشقا قوشۇلىدىغان ياكى قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورايدۇ. قىزنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن، ئىمام نىكاھ ئوقۇيدۇ، قىزلار يەنە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ توينى تەبرىكلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر كىشى كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشنىڭ سىمۋولى قىلىپ كىشىلەرگە گۈرۈچ چاچىدۇ، سورۇندىكى بارلىق كىشىلەر قىز بىلەن يىگىتنىڭ بەختلىك بولۇشىنى، پەرزەنتنىڭ كۆپ بولۇشىنى تىلەيدۇ. يىگىت ھۇجرىغا كىرىپ قىز بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشىدۇ. كىشىلەر توي مۇراسىمى خاتىرە بۇيۇملىرىنى ئېلىپ خۇشاللىق بىلەن قايتىشىدۇ.

**يۇيۇنۇش:** توي كۈنىنىڭ ئەتىسى قىزنى غۇسۇل قىلدۇرۇش كېرەك، قىز يەڭگىسىنىڭ ۋە ئالتە ياردەمچىنىڭ ھەمراھلىقىدا مونچىغا چۈشىدۇ، يەڭگىسى قىزنىڭ بېلىكىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن، ئەتىر گۈلنىڭ سۈيىنى سەپسە، يەنە بىر تەرەپتىن قىزغا ۋەكالىتەن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىدۇ.

يۇيۇنۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەڭگىسى ئىسرىقدانغا ئوت ياقىدۇ، سورۇندىكى باشقا قىزلار يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تەزىم قىلىپ تويىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى، ئەر-خوتۇننىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېنىنىڭ سالامەت، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشىنى تىلەيدۇ، يەڭگىسى ئىككى پارچە گۈللۈك بەلباغ بىلەن قىزنى باغلايدۇ، ئەڭ كىچىك ياردەمچىدىن بىرى قىزنى يۇدۇپ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويىدۇ.

راخمان تۇردى تەرجىمىسى



## ئاق خۇننىڭ كۆپ كېلىشى كېسەللىكمۇ؟

تۇرسۇنئاي

قىز باللار ياشلىق باھارى دەۋرىگە قەدەم قويغاندا، تۇخۇمدانىنىڭ ئانىلىق گورمۇن ئاجرىتىپ چىقىرىشى بىلەن، كۆپىيىش ئەزالىرىدا بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. جىنسىي يولدىن ئىنتايىن ئاز مىقداردا تۇخۇم ئېقى رەڭگىدە، ياكى سۈت رەڭگىدە شىلىمشىق سۇيۇقلۇق كېلىدۇ. مانا بۇ ئاق خۇن دېيىلىدۇ. ئاق خۇن جىنسىي يول شىللىق پەردىلىرىدىن سىرغىپ چىققان، بالىياتقۇ ئىچكى پەردىسى ۋە بالىياتقۇ بويىندىن ئاجرىلىپ چىققان سۇيۇقلۇق ھەمدە تۆكۈلگەن ئېپتېلىيە ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئارىلاشما ماددىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئاياللار جىنسىي يولى ۋە سىرتقى جىنسىي ئەزاسىنى سىلىقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ نەملىكىنى ساقلاپ، ئورگانىزمنى فىزىئولوگىيىلىك قوغداش رولىنى ئوينايدۇ. ئاق خۇن ياشلىق باھارى دەۋرىدىكى قىزلاردىن ۋە ئوتتۇرا ياش ئاياللاردىن كېلىدۇ. بۇ ئىنتايىن ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ، بۇنىڭ ئەجەبلىنىدىغان ھېچيېرى يوق.

ئاق خۇن ئاساسەن، تۇخۇمدان تەرەققىي قىلىشقا باشلىغاندا ئانىلىق گورمۇن ئاجرىتىلىشىنىڭ تەسىرىدە كېلىدىغان بولغاچقا، جىنسىي ئەزالىرى تەرەققىي قىلالمىغان قىزلاردىن ئاق خۇن كەلمەيدۇ. ئاق خۇن تۇنجى قېتىم ھەيز كۆرۈشنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. ئاق خۇننىڭ كېلىشى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ياشلىق باھارى دەۋرى يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئادەتتە قىزلاردىن كېلىدىغان ئاق خۇننىڭ مىقدارى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئەگەر ئاق خۇننىڭ مىقدارى ھەيز كۆرگەندەك كۆپ بولسا، بۇ نورمال بولمىغان ھادىسە. مۇنداق ۋاقىتتا دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈش لازىم. بۇ ئەھۋال جىنسىي يولنىڭ يۇقۇملىنىش خاراكتېرلىك كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئادەتتە ياشلىق باھارى دەۋرىدىكى قىزلاردا ئۇچرايدىغان ئاق خۇننىڭ غەيرىي نورمال كېلىشىنى كۆپىنچە، باكتېرىيە ياكى تامچە قۇرۇتتىن يۇقۇملىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۇقۇملانغان ئورۇننىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، كېسەللىك ئالامەتلىرىمۇ، ئاق خۇننىڭ خاراكتېرى ۋە شەكلىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەگەر ئاق خۇن شىلىمشىق ھەمدە يىرىڭسىمان كەلسە، كۆپىنچە بالىياتقۇ بويىنى ياللۇغى ئىكەنلىكىدىن، كۆۋۈكسىمان، سوپۇن سۈيىدەك بولۇپ سېسىق پۇرىقى بولسا، سىرتقى جىنسىي يول قىچىشسا، تامچە قۇرۇتتىن يۇقۇملانغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر ياز ۋە كۈز پەسلىدە قوزغىلىپ ئاق خۇن دۇفۇ پارچىسىدەك كەلسە، كۆپىنچە جىنسىي يولنىڭ زامبۇرۇغدىن يۇقۇملانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئاق خۇننىڭ غەيرىي نورمال كۆپ كېلىشى، نۇرغۇنلىغان ئاياللار كېسەللىكلىرىنىڭ ئورتاق ئالامىتىدۇر. شۇڭا ئەگەر ئاق خۇننىڭ مىقداردا كۆپىيىش، خاراكتېر ۋە شەكلىدە غەيرىي نورمال بولۇشتەك ئالامەتلەر كۆرۈلسە، دەرھال دوختۇرخانىلارغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ، ۋاقتىدا داۋالىتىشى كېرەك.

## جىنسىي ئۆزگىرىپ قېلىش ھەققىدە

ئەرنىڭ ئايالغا، ئايالنىڭ ئەرگە ئۆزگىرىپ قېلىشى گەرچە تۇرمۇشتا كۆپ كۆرۈلمىسىمۇ، بىراق ئۇ ئانچە يېڭىلىقمۇ ئەمەس. ئالايلۇق، ئەنگلىيىلىك يۈگېن بىلەن ئۇنىڭ رەپىقىسى ئانگېنسون ئەر-خوتۇن بولۇپ ئۆتتۈشكەن، توي قىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، ئانگېنسون بىر قىز تۇغقان. ئارىدىن يەنە ئۈچ يىل ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆز بەدىنىدە بىنورمال ئۆزگىرىش پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ، دوختۇرغا تەكشۈرتكەن. نەتىجىدە ئىككىلىسى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ جىنسى ئۆزگىرىپ كەتكەن. جۈملىدىن ئەر ئايالغا، ئايال ئەرگە ئايلىنىپ قالغان.

تۇرمۇشتىكى بۇنداق جىنسىي ئۆزگەرگەنلەر ئادەتتە ئىككى جىنسلىق بولىدۇ. بۇلاردىن ئەرلىك جىنسى ئاساسلىق رول ئوينىغانلىرى، ئەرلىك ھەرىكەتتە بولىدۇ؛ ئاياللىق جىنسى ئاساسلىق رول ئوينىغانلىرى ئاياللارغا خاس ھەرىكەتتە بولىدۇ. ئەگەر كېيىنچە يەنە قارشى جىنسقا ئۆزگەرسە، بۇ «جىنسىي ئۆزگىرىش» ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل جىنسىي ئۆزگىرىش تۇغما بولۇپ، فىزىئولوگىيىلىك جىنسىي ئۆزگىرىش دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر خىلى سۈنئىي ئۆزگىرىش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، يەن-تېخنىكا تەرەققىي تاپقانلىقتىن، كىشىلەر ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش ۋە يات جىنس گورمونىنى ئوكۇل قىلىپ ئۇردۇرۇش ئارقىلىق جىنسىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. غەربىي گېرمانىيىدە دىتمان ئىسىملىك بىر يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭدا فىزىئولوگىيىلىك بىنورمال ئەھۋال بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قىز بولۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش ئارقىلىق جىنسىنى ئۆزگەرتىپ قىز بولۇش مۇرادىغا يەتكەن.

فىزىئولوگىيىلىك جىنسىي ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا تىبابەتچىلىك ساھەلىرىدە تۈرلۈك سۆز-چۆچەكلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغىچە ھېچقانداق ھۆكۈم چىقىرىلمىدى. بەزىلەر بۇنى ئىرسىيەتتىن بولۇشى مۇمكىن دېسە، بەزىلەر يېقىن تۇغقانلار توي قىلغانلىقتىن بولغان دېيىشمەكتە. دۆلىتىمىزدە كۆرۈلگەن بىرنەچچە مىسالدىن قارىغاندا، ئۇنداقلارنىڭ ئاتا-ئانىسى يېقىن تۇغقانلار توي قىلغانلاردىن ئەمەس ئىكەن. بىر قورساق قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمۇ ناھايىتى نورمال ئىكەن. بۇۋىلىرىدىمۇ بۇ خىل ئەھۋال يۈز بەرمىگەنىكەن. لېكىن بەزى مۇتەخەسسىسلەر: جىنسىي ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسىي شەرتى «ئىككى جىنسلىق» بولۇشتۇر، ئىككى جىنسلىق بولۇش يېقىن تۇغقانلار توي قىلغانلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ ئاساسلىنىدىغان يېرى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ سان-دومىنگودا سىرت بىلەن پەقەتلا ئالاقىلاشمايدىغان بىر كىچىك كەنت بولۇپ، بۇ يەردە يېقىن تۇغقانلار توي قىلىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدىكەن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 38 نەپەر كەنت پۇقراسىنىڭ ئىككى جىنسلىق ئىكەنلىكى سېزىلگەن، لېكىن بۇنىڭ سەۋەبى بۈگۈنگە قەدەر ئېچىلمىغان سىر بولۇپ تۇرماقتا.

تۇرسۇن ئەمەت تەرجىمىسى

## چۈش ۋە كېسەللىك

لېنىنگرادتىكى نېرۋا پاتولوگىيە مۇتەخەسسىسى كاساتكىن 20 مىڭدىن ئارتۇق يېشى، كەسپى ۋە جىنسى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ چۈش كۆرۈش ئەھۋالى ۋە كېسەللىك ئالامەتلىرىنى 40 نەچچە يىل سىستېمىلىق كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، كېسەل بولغۇچىدا كېسەللىك ئالامىتى ئېنىق سېزىلىشتىن ئىلگىرى ھەممىشە قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرىدىغانلىقىنى بايقىغان.

مەسىلەن، بىر بىناكارلىق ئوستىسى ھەر كۈنى ئاخشىمى چۈشىدە تېخى پۈتمىگەن بىر بىنانىڭ لىڭشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن، كېيىن ئۇ يەنە چۈشىدە بۇ بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆرۈلۈپ كېتىپ خىش پارچىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆكرىكىگە چۈشكەنلىكىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن كېيىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭدا يۈرەك كېسىلى بارلىقى سېزىلگەن.

نېمە ئۈچۈن ئادەم ئۆزىدە ھېچ قانداق ئاغرىقنى سەزمەي تۇرۇپمۇ چۈشىدە بەدىنىنىڭ مەلۇم قىسمىدىكى كېسەلگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى كۆرىدۇ؟

چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىدە ئەڭ سەزگۈر بولغان ئورۇن كۆرۈش سېزىمى مەركىزى بولۇپ، ئادەم تاشقى دۇنيادىكى ئىنفورماتسىيىلەرنىڭ 60 — 80 پىرسەنتىنى كۆرۈش سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق سېزىدۇ. ئادەم كۆزىنى يۇمۇپ ئۇخلاۋاتقان چاغدا، گەرچە يورۇقلۇقنىڭ تەسىرىنى سېزەلمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ، پۇراقنى پۇرىيالايدۇ ۋە ئىسسىق - سوغۇقنى سېزەلەيدۇ. ئويغاق ۋاقىتتىكىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى: بۇخىل تەسىرلەر سول مېڭىنىڭ ئانالىز قىلىشىدىن ئۆتمەيلا ئەتراپقا يەتكۈزۈلىدۇ ۋە تارقىلىدۇ، مەسىلەن، ئۇخلاۋاتقان چاغدا تېلېفوننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا، چۈشىدە دەرھال تېلېفوننى كۆرىدۇ. مانا بۇ ئاڭلاش سەزگۈ سىگنالىنىڭ كۆرۈش سەزگۈ ئورنىغا يەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتى ھەم سىرتقى تەسىرلەرنى، ھەم بەدەن ئىچىدىكى تەسىرلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. كېسەلنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بىئارامىلىق ئىنتايىن ئاجىز بولىدۇ. ھەتتا كېسەل كىشىدە ئاغرىق سېزىمى پەيدا قىلالمايدۇ. لېكىن چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ مۇناسىپ ئورۇنلىرىدا يېتەرلىك تەسىر پەيدا قىلىدۇ، ئەگەر بۇ خىل تەسىر كۆرۈش سېزىم مەركىزىگە تارقالسا «قاتتىق ئويقۇ» دىكى چوڭ مېڭە «كىنو كۆرۈش» كە باشلايدۇ. شۇڭا قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈش كۆپ ھاللاردا مەلۇم كېسەلنىڭ بېشارىتى ھېسابلىنىدۇ.

يارمەھەممەت تەرجىمىسى

## ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوزۇقلىنىشقا دىققەت قىلىڭ

1. ھەرقېتىم سەي قورۇشتىن بۇرۇن قازاننى پاكىزە يۇيۇپ ئاندىن قورۇش لازىم. ئالىملارنىڭ قازانغا چاپلىشىپ قالغان قارا رەڭلىك قىسىملارنىڭ تەركىبىگە لابوراتورىيىلىك دىئاگنوز قويۇشىچە قىسىملارنىڭ تەركىبىدە راك پەيدا قىلغۇچى ماددا 3.4 بېنزو پىرېدىن بولىدىكەن، ئاقسىل، ماي مىقدارى يۇقىرى بولغان قورۇلمىلارنىڭ تەركىبىدە بۇ خىل ماددىنىڭ مىقدارىمۇ يۇقىرى بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقېتىم سەي قورۇپ بولغاندىن كېيىن، قازاننى پاكىزە يۇيۇپ، ئاندىن ئىككىنچى بىر خىل سەيىنى قورۇش كېرەك.

2. تاماقتىن كېيىن سېغىز چايناش كېرەك. سېغىزنىڭ تەركىبىدە ئادەتتە شوبىتول دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ماددا بولىدۇ، ئامېرىكىدىكى مەلۇم ئالىي مەكتەپنىڭ بىر پارچە تەتقىقات دوكلاتىدا، شوبىتول كىسلاتالارنىڭ رەقىبى، ئۇنىڭ چىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولى بار، دەپ كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن تاماقتىن كېيىن سېغىز چاينىغاندا چىشلارنىڭ ئارىلىقلىرىدىكى تاماق قالدۇقلىرى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ ھەم شۆلگەينىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئېغىز بوشلۇقىدىكى كىسلاتانى نېيتراللاشتۇرىدۇ ۋە ئاشقازاننىڭ ئوزۇقلۇقنى ھەزىم قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

**يار مەھەممەت تەرجىمىسى**

## ھاراقتىن كېيىن قېنىق دەملەنگەن چاي ئىچمەسلىك كېرەك

كۆپلىگەن كىشىلەر قېنىق دەملەنگەن چاي ئىچسە مەستلىك يېشىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما ئۇلار قېنىق چاينىڭ مەستلىكنى يېشىشى ئۇياقتا تۇرسۇن يۈرەككە ئاجىز كىشىلەرگە ئەكسىچە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

ھاراق تەركىبىدىكى ئىسپىرتنىڭ يۈرەك قان تومۇرىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولىدۇ. قېنىق چايمۇ ئوخشاشلا يۈرەكنى قوزغىتىش رولىنى ئوينايدىغانلىقتىن، بۇ ئىككىسى بىرلەشسە يۈرەككە بولغان بېسىم تېخىمۇ ئاشىدۇ. يۈرەك كېسەلى بار ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن خەتەرلىك بولىدۇ.

مەست بولغاندا، قېنىق چاي ئىچىش بۆرەككە زىيانلىق. چۈنكى، ھاراق تەركىبىدىكى ئىسپىرتنىڭ كۆپ قىسمى ئالدى بىلەن جىگەردە گلىئوكسالغا ئايلىنىپ ئاندىن ئىناتولغا ئۆزگىرىدۇ. ئىناتول كاربون (IV) ئوكسىدى ۋە سۇغا ئايرىلغاندىن كېيىن، بۆرەك ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىپ كېتىدۇ. قېنىق چاي تەركىبىدىكى چاي شۇلتىسى بۆرەكنىڭ سۈيدۈك ھەيدىشىنى تېزلىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تېخى ئايرىلىپ بولمىغان ئىناتول بالدۇرلا بۆرەككە كىرىپ كېتىپ، بۆرەككە زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۆرەكنىڭ ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

ئەڭ ياخشىسى، ھاراقنى مەست بولغىچە ئىچمىگەن تۈزۈك. ناۋادا مەست بولۇپ قالسا، ئاز مىقداردا لىمون سۈيى ۋە مېۋە شىرنىسى ئىچسە مەستلىكنى يېشىشكە پايدىسى بار.

**پەرىدە ھەسەن تەرجىمىسى**

## قانداق كىشىلەر بانان يېسە بولمايدۇ

بانان (شياڭجاۋ) ئۇزۇقلۇق تەركىبى مول بولغان مېۋىلەرنىڭ بىرى. لېكىن ئۇنى ھەممىلا ئادەم يېسە بولۇۋەرمەيدۇ.

باناننىڭ قەنت مىقدارى يۇقىرى بولۇپ، شېكەر سىيىش كېسىلىگە، ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ۋە ھەزىم قىلىش سىستېمىلىرى جاراھەتلەنگەن، ئىچى سۈرۈۋاتقان كىشىلەر يېسە كېسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

رېۋماتىزىم ياكى مۇسكۇل ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغان كىشىلەرمۇ بانان يېسە بولمايدۇ. چۈنكى، بانان بەدەننىڭ ئايرىم قىسىملىرىدىكى قاننىڭ ئايلىنىشىنى ئاستىلىتىپ، ماددا ئالمىشىشىنى كېيىنگە سۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باناننىڭ قەنت مىقدارى يۇقىرى بولغاچقا، بەدەندىكى ۋىتامىن B نىڭ سەرپىياتىنى ئاشۇرۇپ، رېۋماتىزم ھەم مۇسكۇل ئاغرىقىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

بۆرەك ۋە يۈرەك زەئىپلىشىش ۋە سۇلۇق ئىششىق كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرمۇ بانان يېمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، بانان تەركىبىدىكى ناترىي بەدەندە ناترىي تۇزلىرى ۋە سۇنىڭ يىغىلىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، يۇقىرىقىدەك كېسەللىكلەرنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

مامۇت بارات تەرجىمىسى

## سۇ چۈشۈش يولىنى راۋانلاشتۇرۇشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى

ئائىلە، ئاشخانا قاتارلىق ئورۇنلاردا سۇ چۈشۈش يوللىرى ئېتىلىپ قېلىپ، كىشىنى پاراكەندە قىلىدىغان ئىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇزۇن تاياقچە، سىم، پولات چىۋىق قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ سۇ چۈشىدىغان يوللارنى كولاش ياكى سۇ سۈمۈرگۈچى سايمانلىرىنى ئىشلىتىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ كېتىمىز. قانداق قىلغاندا ئاۋارە بولمايلا سۇ چۈشۈش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدا تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى قوللانغاندا ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولىدۇ. يەنى مۇۋاپىق ئۇزۇنلۇقتىكى (ئادەتتە ئۈچ مېتىرچە بولسا بولىدۇ) سۇلياۋ ياكى رېزىنكە تۇرۇبىنىڭ بىر ئۇچىنى جومەككە ئۇلاپ سىم بىلەن چىڭ باغلاپ، يەنە بىر ئۇچىنى سۇ چۈشۈش يولىغا كىرگۈزۈپ، كىرگۈزۈلگەن رېزىنكە ياكى سۇلياۋ تۇرۇبىنىڭ ئەتراپىدىكى بوش قالغان جايىنى كېرەكسىز لاتا بىلەن چىڭ ئېتىپ، ئاندىن دەرھال سۇ تۇرۇبىنى ئېچىپ سۇنى قويۇۋەتكەندە تۇرۇبىدىكى سۇنىڭ بېسىم كۈچى بىلەن توسۇلۇپ قالغان نەرسىلەر شۇئان چىقىرىۋېتىلىپ، سۇ چۈشۈش يولى دەرھال راۋانلىشىدۇ. بۇ ئاددىي ھەم قولايلىق ئۇسۇل بولغاچقا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

ئالاۋىدۇن ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى



1. گەرباش قەھرىمان گەسقەر رولىدا مۇرادىل



2. گايال باش قەھرىمان ئايشەمنىڭ رولىدا گۈلزار



3. كەنت باشلىقى ئابدۇللانىڭ رولىدا مەخمۇت

# «جۇش ئۇرغۇاتقان غەربىي دىيار» فىلىمىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ۋە ئاساسىي روللاردىكى ئارتىسلارنى تونۇشتۇرۇش

«جۇش ئۇرغۇاتقان غەربىي دىيار» چېگرا رايوندىكى شەھەر ۋە يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھات ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كومېدىيىلىك فىلىم

شەھەردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئۇرۇشنى خالىمىغان بىر تۈركۈم ئارتىسلار ئۆزلۈگىدىن بىر ئۇيۇن قويۇش ئەترىتى تەشكىللەپ، ھۆددىگە ئېلىش شەكلى بىلەن تۇۋەنگە چۈشۈپ ئويۇن قويىدۇ. ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن پايدىغا ئېرىشىپلا قالماي يەنە چەت يېزىلاردىكى دېھقانلارغا ئاجايىپ خۇشاللىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، كىشىلەر ئۇلارنى «شادىمان ئويۇن قويۇش ئەترىتى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئويۇن قويۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئەسقەر مەسچىت ئىچىدە يۈزىگە چۈمبەل تارتقان بىر ئايالنى ئۇچرىتىدۇ. ئۇ ياش ھەم كېلىشكەن تۇل ئايال ئايشەم ئىدى. ئويۇن قويۇش ئەترىتى يىراق بىر كەنتكە بېرىپ ئويۇن قويىدۇ. بۇ جەرياندا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بىرمۇنچە تراگېدىيە، كومېدىيىلەر يۈز بېرىدۇ... فىلىم كىشىلەرگە غەربىي دىياردىكى كىشىلەرنىڭ ئىسلاھاتنىڭ قايناملىرىدا تەدرىجىي ئويغىنىپ، يېڭى بىلەن كونا مەدەنىيەتنىڭ رىقابىتى ئاستىدا ئۆزلىرىدە ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق ياراتقانلىقىنى نامايەن قىلىدۇ.



4. بەدنىيەت سەتەلىك مىكانىنىڭ رولىدا پەرىزە



5. ئەختەرنىڭ رولىدا مېھرىگۈل



7. ئارتىس گۈلنۇرنىڭ رولىدا دىلبەر



6. داپچى تاشنىڭ رولىدا مەھەممەت ئىمىن

